ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# كىملىكىمنى سورىما



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 7-228-06021-0
9 787228 060214

ISBN 7-228-06021-0
I·2239(民文)定价:8.00元

15
1267
12



ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# كەلگىسىمنى سورىما

(نەسرلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

别问我是谁：维吾尔文/安尼瓦尔·塔西铁木尔著.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.9
ISBN 7－228－06021－0

Ⅰ.别… Ⅱ. 安… Ⅲ.散文－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I267

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 69857 号

责任编辑：阿迪里·阿不都萨拉木
封面设计：艾克拜尔·萨力

## 别 问 我 是 谁

安尼瓦尔·塔西铁木尔著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆《工 人 时 报》印 刷 厂 印 刷
787×1092 毫米 32 开本 5.375 印张 1 插页
2000 年 10 月第 1 版 2000 年 10 月第 1 次印刷
印数：1—5000

ISBN7－228－06021－0/I·267 定价：8.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىل ئابدۇسالام
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# كىملىكىمنى سورىما

ئاپتورى: ئەنۋەر تاشتۆمۈر
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 797×1092 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.375 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2000 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
ISBN7—228—06021—0/I. 267
باھاسى: 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

«كىملىكىمنى سورىما» —— ئاجايىپ
قىزغىن، مول ئىجادىي مېھنەتلىرى بىلەن زور بىر
تۈركۈم ياش كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ،
دەۋرداشلارغا ھاياتنىڭ ئەسلى رۇخسارىنى ئايان قى-
لىۋاتقان ھەمدە يېڭىچە جۇشقۇن ھايات ئۇمىدى بە-
خش ئېتىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق ياش يازغۇچى
ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ ئىككىنچى نەسرلەر توپلىمى
بولۇپ، 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە بولغان
ئارىلىقتا يېزىلغان ئەڭ يېڭى نادىر نەسرلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

«كىملىكىمنى سورىما» ناملىق بۇ كىتابتىكى
ئەسەرلەر ئاپتورنىڭ يېڭى ئەسىر ئالدىدىكى قايناق،
تەخىرسىز تۇيغۇسىنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا ھا-
ياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يېيىلىپ، ئىنسان ۋە
ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىممىتىگە، بۇ قىممەتنىڭ
ئۆزگىچە، خاس، پارلاق نۇرىغا تۇتىشىدۇ. تىلدىكى
مەنەئىي ئويناقلىق ۋە رەڭدارلىقتا ھاياتنىڭ تۇرلۇك
- تۇمەن سۇرەتلىرى، بۇ سۇرەتلەردە ئادەمنىڭ ما-
ھىيەتلىك چىنلىقى ئايان بولۇپ، بىزنى ئۆزىمىزگە

يېڭىباشتىن نەزەر سېلىشقا، دۇنياغا كىرىشىنىڭ،
دۇنيادا يۈرۈشىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىش داۋامىدىكى
پەرۋازىنىڭ ئۇلۇغۋار سېھرىي كۈچىنى بايقاشقا دالا-
لەت قىلىدۇ.
«كىملىكىمنى سورىما، سەن چىققان سەھەر-
دىن كېلىمەن!» — مەزكۇر كىتابتا نۇقتا قىلىنغان
لىرىكا ۋە پەلسەپىۋى ئاڭنىڭ مەنبەسى بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئاپتور كېلىش- چىقىشى ئوخشاشلا يارقىن
سەھەرنى ماكان قىلغان يوچۇن بىر ئادەمنىڭ ھايات-
تىكى، شۇنداقلا زاماندىكى ئۈچ خىل — ئەخلاقىي،
ۋىجدانىي، ئەقلىي بۇرچىنى دەڭسەپ ئۆتۈپ، ئۇنى
يەنىلا ئۆزى چىققان سەھەرنىڭ ئاپئاق كەڭلىكىگە
قويۇپ بېرىدۇ. بىز بىر كىتابخان سۈپىتىدە ئاڭا
ئەگىشىمىز ۋە سىمۋوللار پەيدا قىلغان ھەر بىر
ئۈمىدۋار نۇرانە ئىمكانغا ئىچكىرىلەيمىز. ئېھتىمال
شۇ يوسۇندا ئالغا كېتىۋېتىپ ئۆزىمىزگە يولۇقى-
مىز، ئۆزىمىزگە ۋە كۆز ئالدىمىزدا چەكسىز قۇ-
چاق ئېچىپ نۇرلىنىپ تۇرغان بىپايان دۇنياغا قاراپ
ھەيران بولىمىز. «سەھەردىكى ئادەم» شۇندىن ئې-
تىبارەن بىز بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ
كېتىدۇ. بۇ تەرەپلەر كىتابتىكى ھەر بىر ئەسەردە
ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ ئۆزگىچە بەدىئىي مۇۋەپپە-
قىيەتكە ئېرىشكەن.

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ............................ 1
كىملىكىمنى سورىما ........................ 9
كۇتۇش ...................................... 11
سۆيگۈ ئۆيى ............................... 13
سۇكۇت پەرۋازى ........................... 21
ئىللىق مۇڭ ................................. 32
تەنھالىق سەھراسى ....................... 37
ئوت ......................................... 39
كۆڭۈل قۇشۇم .............................. 45
قىسمەت ۋە يارالمىش ...................... 50
يىراقتىكى چاقىرىق ........................ 58
سۆيگۈ ھارپىسى ........................... 62
يىراق بىر جايدا .......................... 67
ئۆتۈنۈش .................................... 71
تەنھا بۇقا .................................. 75
سوۋغا ....................................... 78
كەچ لىرىكىسى .............................. 81



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆچرىشىش ئەسنالىرى .................. 84
كۆلكىلەر تىلسىمى .................. 88
قايتىش .................. 93
كۆنلەر .................. 100
ئايرىلىش .................. 103
كاۋاپ .................. 109
بەخت زۇننارى .................. 112
روھ تاشقىنى .................. 116
ئوت ئىچىدىكى لەۋ .................. 120
پاجىئە .................. 123
روھ سەپىرى .................. 127
بوشلۇق ۋە ئىمكان .................. 131
تاۋاپ تۇغى .................. 134
سەن يەنىلا ئاۋۋالقى بالا .................. 138
ئوچۇق ئىشىك .................. 144
پەرزەنت ئىشقىدىكى مونولوگلار .................. 147
ئاخىرقى كەلىمە .................. 161

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاپتوردىن

بىز ئېمىنى ھېس قىلىپ، ئېمىنى ئىدراك
قىلىپ ياشاۋاتقان بولساق، شۇ نەرسىدە ھاياتىمىز
تەلپۈنۈۋاتقان شېرىنلىك ياكى ھەقىقەت نۇرىنىڭ
بارلىقىنى جەزىملەشتۈرىشىمىز ۋە ئاڭا جۇرئەت قى-
لىشىمىز كېرەك!

قەلبىمدە سائادەت يالقۇنى سېزىلگەندە، تەبى-
ئىيلىكىنىڭ سېھرىگە، ئەسلى چىنلىقىنىڭ ئۇلۇغۋار
قۇربىگە شەيدا بولۇشقا، بارچىگە ئۇچقۇن بولۇپ
چېچىلىپ سەھەرنىڭ مىسلى نۇرلۇق رەڭگى -
رۇخسارىنى ئايان قىلىش ئىستىكىدە كۆيۈشكە باش-
لىغانىدىم. تالاي مۇساپىلەردىن كېيىن، بىز مۇ-
قەررەر يوسۇندا سەھەرنىڭ نۇر يامغۇرى ھەر بىر
ياپرىقىدىن تامچىلاپ تۇرغان ھاياتلىق دەرىخى ئاس-
تىدا جەم بولۇپ، قەلب ئېكىنزارىغا چېچىلغان
خاسىيەتلىك ئۇرۇقلارنىڭ قىيامىغا يەتكەن رەڭدار
مېۋىلىرى بىلەن تەنتەنىلىك بەزمە قۇرغان بولات-
تۇق. ئەپسۇس، مېنىڭ چۈشلىرىم ئارىدىكى يو-
رۇق كۈندۈزنىڭ ئېتەكلىرىدە بىمەھەل رويى بەر-
دى. شۇ ۋەجىدىن، مەن كۆڭلىرىمنى كېچىگە ئوخ-

شىتىپ تاڭلىرىمغا زارىقىش مەۋقەسىدە كۈيلەر سا-
ماسى تۈزۈشكە كىرىشتىم.

زارىقىش، كۈتۈشنىڭ بىر خىل، تەكرار،
تىمتاس ئەللەي ئېيتىشلىرىنى خالىمايتتى. ئۇ خۇد-
دى ئېقىنلار باغرىدىن تىك كۆتۈرۈلۈپ سانسىز ئاق
تامچىلارنى چاچراتقۇچى ئۇچار دولقۇنلارغا ئوخشاش
روھنىڭ جىمجىت ئېقىنلىرىدا دەھشەت سېلىپ،
لىرىكا بىلەن ھېكمەتنىڭ ئاجايىپ، كۈتۈلمىگەن،
تاسادىبى نۇر چېقىنلىرىنى پەيدا قىلاتتى. زارى-
قىش، شۇ ھاللاردا مېنىڭ ئىچكى ھاياتلىق تىنى-
قىمغا ئايلانغاندا، روھىمنىڭ جۇلاسى ئۇ پەيدا قىل-
غان شىددەت ۋە نۇر چېقىنى ئىلكىدە ئىنساننى
ئۇلۇغۋارلىقنىڭ پارلاق چەكسىزلىكىگە تۇتاشقانى-
دى.

كۈنلەرنىڭ تەكرارلىقىدا گويا بىر تەلۋە مەج-
نۇن ئىدىم. سەھەر ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم-
لەرنىڭ كۈلكىسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ۋاقىت
قوينىدىن يوللانغان سوۋغىلارنىڭ ئىچى قۇرۇق بو-
لۇپ، ئۇندا ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ئىزناسى كۆ-
رۈنمەيتتى. ئەمەلىيەتتە سوۋغا مەۋجۇد ئەمەس ئى-
دى، پەقەت كۈنلەردىن كۈنلەرگە، ۋۇجۇدتىن ۋۇ-
جۇدقا ئۇلىشىش رىسقى ئۇچۇنلا ئۇنى سوۋغا دەپ
ئاتاش بىر خىل ئادەت، بىر خىل تەسەللى، توغرى-

www.uyghurkitap.com

راقى بىر خىل بەرباتلىق ئىدى. ئازاب قايناپ تاش-
قان ھاڭلار بۇ روزىخار، بۇ مەئىشەت سىرتىدا ئالغ
بىلەن بولغان مەنپەئەتدار مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكەنى-
دى.

ھاياتلىق، تەكرارلىق ئىچىدە كونىراپ، يىگى-
لىق تۇيغۇسىدىن كۆرە تولىراق رەڭگى - رۇخسارى-
غا گىرىم - ئەڭلىك ئىزدەيتتى. تەبىئەتنىڭ تەڭ-
داش، مەنىداش ۋە سىرداش جۇلاسى تەبىئەتنى ئىد-
راك قىلغۇچى ئاڭنىڭ سىرتىدا ئاللىبۇرۇن قوپقۇ-
رۇق بىر جەزىرىگە ئايلىنىپ، ئاردا ئوخشاشلا بىر
خىل سېزىم ھەم تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى. پەرقسىز-
لىك، ماھىيەتتە مەنىسىزلىك، ھاياتتىكى ئەشۇ بى-
مەھەل چۇشلەرنىڭ ئەسلى سەۋەبكارى ئىدى.

نەدىندۇر سۇزۇك بۇلاق سۇيىنىڭ شوخ شىل-
دىرلىغان ئاۋازى كېلەتتى. جەزىرە شۇ قەدەر قۇر-
غاق، شۇ قەدەر پايانسىز، شۇ قەدەر مەنىسىز ئى-
دى. كىم بىلسۇن، شىلدىرلىغان ئۇ ئاۋازلار جەزى-
رىدىن خېلى بورۇنلا ئۆچۈپ بولغان، جەزىرىنىڭ
چاڭقاق يۈرىكىدە بىر خىل ئۈزۈلمەس پىنھانە كۈيگە
ئايلانغانىدى. ئېھتىمال، قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ
قالغىنى يەنىلا بىر چۈش، چاڭقاقلىق كۈيىنىڭ ئا-
جىز شىۋىرلىشى ياكى روھ تاشقىنىنىڭ سۈربەتلىك
ساداسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

چۈش چېچەكلىرى ئارىسىدىن يالقۇنجاپ قارد-
غىنىمدا، مېنى ئۆز قۇچىقىدا سوغۇق پەپىلەپ تۇر-
غان بۇ شەھەر يىرگىنىشلىك بىر تۇل ئايالنىڭ
سۈرىتىدە ئايان بولماقتا ئىدى. مەن ياشاۋاتقان شە-
ھەر شۇمۇ، دەيتىم ئۆزۈمگە كۈچلۈك سىللىكىنىپ.
ئەسەبىيلەشمەكتە، ئاڭ سىرتىدا تەنھا تۇرغان ئازاب
هاڭلىرىغا شىددەت بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە
ئىدىم.
بالىلىقىنىڭ جەننىتى يېقىن ئارىدا يارقىن جد-
مىرلايتتى. بالىلىقىنىڭ قەلبىدىن ئېقىپ كەلگەن
سۈپسۈزۈك تۇيغۇلار بىلەن ئېپتىخارلىنىپ كېتىۋې-
تىپ، ئەركىنلىك ۋە ئىرادىنىڭ ئاجايىپ سىرلىق
كۆك ئۇچقۇنلىرىنى ئىدراك قىلاتتىم. ئادەملەر بد-
لەن بولغان ئارىلىقىم كېڭەيگەنسېرى، روھىمدا
مۆجىزىلەر تاشقىن ھاسىل قىلماقتا ئىدى.
نېمىسىنى سورايسەن ئەي يولۇچى، دەپلا ئۆ-
تۈپ كېتەتتىم دوستلارغا. سەلتەنەتلىك نوتۇق دۈر-
لىرى قەلبىم بىلەن دۇنيانىڭ ئارىسىدىكى كىچىك-
كىنە نۇر ئارىلىغا چېچىلاتتى. مەن ئۇ يەردە ھەمد-
شە كىچىك باللار بىلەن ناھايىتى شاد - خورام
ئويناپ كۈلەتتىم. ئۇلارنىڭ غۇبارسىز پاك كۆزلد-
رىدە ئەزەلدىن شۇنىڭغا — تەنھا نۇر ئارىلىدىكى
ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشاش نۇر قىيامى بار ئىدى.

تەنهالىق، بۇ دۇنيانىڭ ماڭا بەخش ئەتكەن ئەڭ مۇقەددەس ئىلتىپاتى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بارچىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى ئەركىن، نا-ھايىتى بەھوزۇر پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتىم. كۆز ئال-دىمدا ھەمىشە بىر مۇكەممەللىك كىشىلىكنىڭ خاس پادىشاھلىقى سۈپىتىدە ئايان بولاتتى. ئۇنىڭدا ئادەم بىلەن دۇنيا بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان، ئادەم بىلەن دۇنيا يەنە تەڭداش مۇناسىۋەتتە رەڭ ھەم نۇر تالاشقانىدى. بۇ چىنلىقتا روي بەرگۈچى خىسلەتلەر، مۆجىزىلىك كارامەتلەر پەقەت تەنهالىق-نىڭ، تەنهالىقلا ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان خاس پادىشاھلىقىنىڭ ھوقۇقىغا، ئەركىگە ۋە ئىرادىسىگە مەنسۇپ ئىدى. قاچانكى، ئادەم ئۆزىنى ئەركىن، مۇستەقىل ۋە ھۆر ھالدىكى بىر پۈتۈنلۈك ماھىيەت-لىرىدە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئەنە شۇ چەكسىز كەڭ ئىمكاندىن كۆرەلىسىلا.

تەنها ئىدىم، ئىبغىر كىچە ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇيقۇدىكى كۆزلەرنىڭ ئۆزۈن قارا كىرپىكلىرىگە گاھ ياش بولۇپ، گاھ شەبنەم بولۇپ، گاھ نۇر بولۇپ تامچىلايتتىم. پىغانىم شادلىققا دۈچ كېلىپ قەلبىمنى قېرىماس ئۈمىدلەرنىڭ ئوتلۇق كۆيى چۇلغىغان دەملەردە، سوغۇق، ئەمما يەنىلا مېھرى-لىك تۈيۈلىدىغان ئەشۇ كۆزلەرگە ئېگىشىپ سۆيەت-

تىم. مۇھەببەت ئەقلىمنى لال ئېتەتتى، شېرىن ھېسلار قورشاۋىدا تىترىگەن ۋۇجۇدۇم مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ سېھرى كۈچىدە چەكسىز زورىيىپ، تەنھا-لىقنىڭ ھايات بىلەن ئۆلۈم ئارىلىقىدىكى ھەقىقىي سىررىنى ئاشكارا قىلاتتى. كۆز ئالدىمدىن قىقاس - چوقانلارغا تولۇپ تاشقان قايناق جەڭگاھ، ئېقىن بويىدا ئىستىقامەتكە ئولتۇرغان ئۇلۇغۋار بىر سىد-ماھ، قۇياش ئىشىكىنى قىيا ئاچقان دەسلەپكى سە-ھەر مەنزىرىسى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلايتتى. ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاشقا ۋاقتىممۇ يوق ئىدى، ئەشۇ ئۇلۇغۋار مەنزىرىلەرنىڭ ئىچىدە قىپقىزىل قانغا ئاي-لىنىپ، شۇ قەدەر ئىللىق ھەم شۇ قەدەر پىنھان بىر ئۇيغۇنلۇق ئىچىگە ئاستا - ئاستا ئېقىپ كىر-مەكتە ئىدىم. پەقەت سەھەرلا دەيتتىم، سەھەردىكى ئادەملەر بۇ ۋەقەلەرنى ئەسلەشكە قادىر بولمىسىمۇ.

ياش ئىدىم، مەڭگۈلۈك 18 ياشنىڭ ئېپتىخارى بىلەن مەڭگۈلۈك تۇيغۇلارغا شېرىك ئىدىم. ياشلىق-نىڭ، ھوقۇق ئىرادىسىدە خاس پادىشاھلىق تىكلى-گەن ئەركىن ياشلىقنىڭ ئاجايىپ كەڭ، ئاجايىپ رەڭدار بەھىرلىرى قەلبىمنى، قەلبىمدىكى مەڭگۈ-لۈك تۇيغۇلارنى دولقۇنلىتىپ، مېنى كۆنۈككەن ئا-دەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان ئەسلى ھاياتنىڭ چىنلى-قىغا باشلاپ كېتەتتى. مەن شۇ يوسۇندا ماكان ۋە

زامان ئىچىدىكى كىچىككىنە ھالىتىمدىن، ئەترا-
پىمدىكى مۆزدەك قاتقان ھاياجانسىز ئادەملەردىن،
شۆنداقلا ئىس ۋە چاڭ - توزان لەيلەپلا تۇرىدىغان
بىر پۈتۈن بۇرۇقتۇم ھاياتلىق مۇھىتىمدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ، ئەسلى ھاياتنىڭ چىن ھەم جەننەتسىمان
گۈزەل ئالىمىگە بېرىپ قالاتتىم. شۇ چاغدىلا ئادەم-
لىكىمدىن ئىپتىخار ھىس قىلىپ، ئۇ يەردە بىر
ئۆمۈر ئاشىقى مەجنۇن سۆيەت جاھان كېزىپ يۇ-
رۇشنى جان - دىلىمدىن خالاپ قالاتتىم. چۈنكى
مېنىڭ ئۇ دائىملىق مەنزىلگاھىمدا غالجىر ئىت،
بۇلغانغان سۇ، بەچچىغەر، چايان، يالماۋۇزنىڭ
ئوت - تۆتەكلىرى، ئازابلىق ئىڭراشلار، قان پۇراپ
تۇرغان مەككار كۆلكىلەر ۋە باشقا جان يىلىكىنى
شورىغۇچى پىنھان قۇرتلار يوق ئىدى. قۇياشنىڭ
كۈلۈشى، گۈللەرنىڭ تەبەسسۇم قىلىشى شۇ قەدەر
ئوماق ئىدىكى، ئۇلارنىڭ مېھرىدە ئادەم گويا نۇرغا
ئايلىنىپ ئاشا سىڭىپلا كېتەتتى ھەمدە تۈمەن خىل
خۇشپۇراق گۈللەر مىسالى پورەكلەپ ئېچىلىپ كې-
تەتتى. ئەپسۇس، مەن قايتىشىم كېرەك ئىدى،
مەن تۇغۇلغان دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئاپئاق سەھرى مېنى
كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. ئەلۋەتتە، مەن ئۇ يەردىن
ھېچقاچان قۇرۇق قول قايتمايتتىم...
«كىملىكىمنى سورىما» — ئىجادىيەت پىلانىم-

دىكى ئۈچىنچى كىتاب سۆيىتىدە پىنهان كۆڭۈل
ئۆيلىرىگە تەقدىم ئېتىلدى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى-
دە ھەر سەھەرنىڭ ئاپئاق كەڭلىكى ۋە بۇ كەڭلىك-
نىڭ چاقنىقى، چاقىرىقىدا روي بەرگۈچى گۈزەل
سۆيگۈ ھېكايىلىرى دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. ناۋادا، ئىخ-
لاس ماڭا ۋە مېنىڭ «كىملىكىم»گە بېرىلسە، ئۇ
ھالدا مەن ھەممىگە ئايلىنىمەن، بىز بىرلىكتە پار-
چىلانغان ئالەمنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ بارالاي-
مىز.
نەسىر دۇنياسىدا چەكلىمە ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭ-
دا دولقۇنلاپ تۇرىدىغان لىرىكىنىڭ سېھرى كۈچىگە
ئەقلىي ئۇقۇملارنى زورمۇزور ئارىلاشتۇرۇپ مەنتى-
قە روشەنلىكى ئىزدەش ئارتۇقچە بىر ئىش بولغاچ-
قا، بىز نەسرلىرىمىزدە ئوتتەك قىزغىن تۇيغۇمىز-
نىڭ ھەممىدىن كېيىن ھەم ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان
ئەركىن، مۇستەقىل رىتىمىغا ھۆرمەت قىلدۇق.
ئەلۋەتتە، ھەر بىر لىرىكا ئۆز چوڭقۇرىدا ئەقلىي-
لىك بىلەن پەلسەپىۋى ئاڭنى مەنبە قىلدى. بۇ،
يەنىلا قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىنىڭ نەسرلەرنىڭ
قات - قېتىغا ۋە ئىچكى تومۇرىغا كىرىش - كىرەل-
مەسلىكىگە باغلىق، دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كىملىكىمنى سورىما

كىملىكىمنى سورىما، سەن چىققان سەھەردىن كېلىمەن!
كۆن بويى، ئاپئاق نۇر بالىسى بولۇپ ئىمكاندىلار ئارا شىددەتلىك ئاقىمەن، دالىلارنىڭ زوقمەن كۆلۈمسىرەشلىرىدە پىنهان ئىزلىرىم قالىدۇ.
قەلب جاكارلىرىم خاسىيەتلەر گۈلزارىنى مەيىن دولقۇنلىتىدۇ. ئۆز ۋايىدا شېرىن ئاققان ناخشىلاردىن قۇدرەت بولۇپ تېشىپ چىقىپ، شەكىللەر ئەۋجىدە نۇر چاقىمەن.
كىملىكىمنى سورىما، سەن چىققان سەھەردىن كېلىمەن!
كۈن بويى، ئاتلىق چەۋەنداز بولۇپ تىمتاس ئىشكىلەر ئالدىدىن دۈپۈرلەپ ئۆتۈپ كېتىمەن. هودۇققان ۋاقىتلارنىڭ خۇپىيانە يانچۇقلىرىدىن ئەتىنىڭ مەخپى خېتى چۈشۈپ قالىدۇ، ئەڭ سۇزۇك ئويغىنىشلار كۆزىدە ئوتقاش مىسالى لاۋۇلداپ يانىمەن.

قەلب ئوقلىرىم گۈگۈم باغرىغا چوڭقۇر قادى-
لىپ ئەسلىمە ئارا زاھىر ئىپتىخارنى چەكسىز كې-
ڭەيتىدۇ. مەھكۇم ھەرىكەتنىڭ سۇبھىدىكى ھۆر
پەرۋازىدىن شىرنە بولۇپ تېشىپ تەبەسسۇم ئەۋجىدە
رەڭ چاقىمەن.

كىملىكىمنى سورىما، سەن چىققان سەھەردىن
كېلىمەن!

كۈن بويى، مەجنۇن بىر سىياق جىمجىت
ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ تىلسىملار تىلسىمىنى يې-
شىمەن، قۇترىغان زاماننىڭ ئۆڭگەن چىرايىدا بەش
بارمىقىمنىڭ روشەن ئىزناسى قالىدۇ، ھايات دەش-
تىدىن ھايات ھەققىدە شىردەك ھۆركىرىگەن قەھ-
رىلىك ئاۋازىم كېلىدۇ.

قەلب سوۋغىلىرىم ئۇرۇق بولۇپ چېچىلىپ،
مۆجىزىدار باغلار ئارا رەڭدار چېچەك ئاچىدۇ. ئال-
تۇن كۈزدىكى شادلىق بەزمىسىدە پىرقىراپ ئۇس-
سۇلغا چۈشۈپ، چۈش ئەينىكىنى بۇزۇپ چاقىمەن.

كىملىكىمنى سورىما، سەن چىققان
سەھەردىن كېلىمەن…

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# كۈتۈش

بىلمەيمەن، ئەتراپنى بىر خىل زېرىكىشلىك تەكرار ھايات شاۋقۇنى قاپلاپ تۇرىدۇ. كۆكۈل تۇر-خۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن كۇلرەڭ تۇمان ئۇيقۇسىز شەھەرنى سۆيۈپ، بوشلۇقتا بەئەينى بىر غايەت زور سىرلىق مۇئەككەلدەك ئېسىلىپ تۇرىدۇ.

بىلمەيمەن، قەلبىمنى ئىسپاتلاپ باققۇدەك بى-رەر چاقناشمۇ يوق، ھەمىشە ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە سۆزلەپ، ئەتىكى نامەلۇم بىر دوقمۇشتىن ئەكس سادا ئىزدەيمەن.

ئاھ، يىراقتىكى ئوت، ئاھ، قەلبىمنىڭ يې-شىلگەن پەرۋازلىرى!

بىلمەيمەن، كۈنلەر ئالدىمدىن مۇسىبەت قاي-غۇسىغا چۆمگەن ھازىدارلاردەك تىزىلىپ جىمجىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەلبىمدە ئۇلارنىڭ تەشۋىشلىك سا-نى، مۇڭلۇق كەڭلىكى، مەزمۇنسىز چوڭقۇرلۇقى غۇۋا ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ. مەن بىر سىھرىي دەۋەت ئىلكىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئۆ-

زۇمگە تولىمۇ ناتونۇش ئادەملەرگە قوشۇلۇپ كېتىدمەن...

بىلمەيمەن، قەلبىمنى ئىللىتقۇدەك بىرەر ئوت- ئۇچقۇنمۇ يوق، ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە ئېقىپ يۈرگەن بىچارە سەرگەردانمەن!

ئاھ، يىراقتىكى ئوت، ئاھ، قەلبىمنىڭ يېشىلگەن پەرۋازلىرى!

قار يۈزىدىكى نۇرلۇق جىلۋە، ھۇجرامدىكى ئەتىر گۈللىرىمدىن تارىغان سىرلىق نۇر سېنىڭ نامەلۇم بىر جايدىكى ھايات تەكرارلىقى ئىچىدە ئوت بولۇپ كۆيگەن ئىستەكلىرىڭنى خۇپىيانە پىچىرلىدى.

ئاھ، يىراقتىكى ئوت، ئاھ، قەلبىمنىڭ يېشىلگەن پەرۋازلىرى!

سېنىڭ نۇر تېمىپ تۇرغان گۈل چېھرىڭ كۆلرەڭ تۇمان ئىچىدىن غۇۋا كۆرۈندى، ئېھتىمال مەن ئۆز تەبىئىتىمنىڭ چىنلىقىغا ساداقەت بىلدۈرۈپ، ئۇندا ئەركىنلىك تاپقان قاناتلىق ئىشقىم بىلەن سېنى كۈتۈپ، پەرۋىشلىنىپ يۈرگەندىمەن...

ئاھ، يىراقتىكى ئوت، ئاھ، قەلبىمنىڭ يېشىلگەن پەرۋازلىرى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سۆيگۈ ئۆيى

## 1

سۆيگۈ ئۆيى ئوت ئىچىدە مۇقەددەس يارقىنلىق چاچىدۇ...

سۆيگۈ ئۆيى، قۇياش سېنىڭ ئىشىكىڭدىن چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە بىپايان ئالەمگە تۇنجى سالىمىنى بېرىدۇ. ئاشىقلارنىڭ شېرىن ئۇيقۇدىكى بۇ پەيتىدە، چۈشلەر چېچەك ئېچىپ مېۋىلەرگە دەسلەپكى شىرنە يىغىدۇ. قىيام ۋە ئەييام ئويغىنىشتىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى تۈپەيلىدىن ئادەمدىن ئالەمنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

سۆيگۈ ئۆيى، قۇياش سېنىڭ ئۆگزەڭنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. ئادەم قەلبتىن قەلبكە ئۆتۈشتە ئالەمگە، ئالەمنىڭ ئۇچۇق بوشلۇقىدىكى يوچۇن يوسۇنلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. قەلب تۇنجى چۈشنى تەكرارلاپ يورۇپ مەنتىقە يارىتىدۇ ۋە ئۇنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ ئالەم باغرىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

قۇياش شەلپەردەك قىزىرىپ ھارغىن بىر ھالدا
قايتىپ كېلىدۇ. سۆيگۈ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە مۇئەم-
-ما قۇلۇپى سېلىنىپ، ئۆي ئىچىدە ئىككىنچى ھە-
قىقەت چىرىقى ياندۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تەنھالىق
ئۇيقۇسىزلىقنى پەرھىز تۇتۇپ نۇرغا سېغىنىدۇ ۋە
قەلبلەر ئارا مۇقەددەسلىكنى ئويغىتىدۇ.

قۇياش، ئادەم ۋە ئالەم بۇ ئۆيدە ئۆز رىتىمىنى
تەكرارلاشنى ئىزچىل داۋام ئەيلەپ، سۆيگۈدىكى
سىمۋول ھەم سىمۋولدىكى سۆيگۈنىڭ مېۋىسىنى
يېتىلدۈردۇ. ۋىسال قىيامى — سەھەردىكى ئۇچ-
رىشىش ۋە ئۇنىڭ چىن سالامىدا ھەقىقىي تەبەسسۇم
تېپىپ، بىرلىك باغرىدىكى قەدىمكى ئۆينى مەڭگۈ-
لۈك نۇرلاندۇردۇ.

سۆيگۈ ئۆيى، ئىككىنچى پەرۋاز ئۇچۇن جۇش-
قۇن قانات، نۇرلۇق ئىمان ۋە خاسىيەتلىك دۇئا
بېرىدۇ.

سۆيگۈ ئۆيى، ئادەمدىن ئادەمگە، ئادەمدىن ئا-
لەمگە، ئالەمدىن تەڭرىگە يېتىش يولىدا توغرىسىغا
سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يارقىنلىقىدا ئىنسانغا
بولغان مۇھەببەت ۋە ئىنسان ئۇلۇغلۇقىغا بولغان
ھۆرمەت ئۇزۇلمەس نۇر كۈيى تۆكۈپ، ئەسلى يارد-

لىشنىڭ سەۋەبىنى ئىككىنچى يارىلىشنىڭ مەنىسى-
گە ئۇلاپ يېشىدۇ.

## 2

سۆيگۈ ئۆيى ئادەملىكىمنىڭ پاك نۇرىدا قۇرۇ-
لىدۇ. قاناتلىرىم ئاستىدىكى بۇ ئىللىق دۇنيانى
سېنىڭ ئۈچۈن قان بىلەن پەرۋىش ئېتىمەن!
تىنىقلىرىمدىكى هارارەت سۆيگۈ ئۆيۈمنىڭ غا-
يەت نۇر - يورۇقلۇقىنى ئېسىڭگە سالسۇن!
زىكرىمدىن تۆكۈلگەن ئىمان كۈيى سۆيگۈ ئۆ-
يۈمنىڭ پاك مەنىسىنى دىلىڭغا ئەقلەن زاهىر قىل-
سۇن.
كۆزلىرىمدىكى ئىشارەت سېنى قوللىرىڭدىن
يۇمشاق يېتىلەپ سۆيگۈ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكلىرى ئال-
دىغا ئېلىپ كەلسۇن...
ئەي قاياشلىق پەرۋازداشىم، ئۈچۈرۈم بولۇپ
قاناتلىرىم ئاستىدىن يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسەڭ،
ئەشۇ چەكسىز بوشلۇقتا قاراپ ئېپتىخارلىنىمەن،
ئۆزۈمگە قاراپ تەنهالىق قەسىدىسى ئوقۇيمەن. بەل-
كى يەنە ئىنكارلىرىڭدىن بىر مەھەل سۈكۈتكە چۆ-

موپ سۆيگۈ ئۆيۈمدە تۈنجى ئازاب سالنامىسىنى يازد-
مەن!

3

دۇنيانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆز سادالىرىمغا
قايتىمەن، سۆيگۈ ئۆيۈمدىن ئەتراپقا تىلسىم كۈيلەر
يېيىلىدۇ.
ئەي مەھبۇب، ئوتلۇق سادالىرىڭنىڭ بەھرىدە
ئىلھامدار قاناتلار ياساپ، سۆيگۈ ئۆيۈمدىن سۆيگۈ
ئۆيۈڭگە ئۇچۇپ بارىمەن. قەلب ۋىسالى مانا شۇ
كەڭرى سامادىكى جۇشقۇن پەرۋازلار ئارا شىرىنە
يىغىپ مېۋىلەرگە رەڭ تاللايدۇ.
كىچىككىنە بىر قۇشمەن، ئالەم تىنىقلىرىدا
ناۋا قىلىدىغان!
نۇر ئارا يارقىن بوي تارتقان سۆيگۈ ئۆيىڭنىڭ
دەرىزىلىرىگە قونۇپ ناۋا قىلسام، ئۇنىڭدىن ئالەم
بىرلىكىدىكى ئىلاھى شاۋقۇنلار ئاڭلىنىدۇ. يۇرد-
كىڭ ئىككىنچى بىر ھەقىقەتتە چوغلىنىپ قاراڭغۇ
خىلۋەتلىرىڭگە نۇر تۆككەن چاغلاردا، ئېھتىمال
مەن قۇچىقىڭدا بىھۇش ھالەتتە ياتقان بولىمەن...

# 4

مەن تەنھالىقنىڭ ئەسىرى ئىدىم، مانا ئەبدى سېنىڭ ئۈچۈن تەنھالىق لاگېرىدىن قېچىپ چىققان ئازاد سەرگەردانمەن!

كۆك يامغۇرى بىلەن يۇيۇنغان سەھەردە قۇلۇپلانغان ئىشىكىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساخاۋەتلىك تاڭ ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس قۇياشىغا سالام بەردىم.

ئاھ، سېنىڭ ياش ۋە يامغۇر تامچىلىرى بىلەن خىرەلەشكەن دەرىزە ئەينەكلىرى كەينىدە تۇرۇپ، بۇ سىرلىق كۆرۈنۈشلەرگە تەئەججۈپلىنىپ قاراۋاتقانلىقىڭنى تۇيغۇ كۆزلىرىم بىلەن خۇپىيانە كۆرۈپ قالدىم!

كەچۈر، ياشلىرىڭنى سۈرتۈۋەتكۈم يوق. ياشلىرىڭ ئاچچىق بۇلاقلىرىدىن تاتلىققىنە ئېقىپ بېرىپ يىراقتىكى ئويچان دېڭىز باغرىغا قوشۇلۇپ كەتسۇن. مەن ساڭا پىنھان سۆيگۈ ئۆيىمدە دولقۇنلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاچچىق موخۇركام بىلەن ئىسرىق سالىمەن.

كۆز يېشىڭغا چۆككەن سېھىرلىك دۇنيا قۇياشىنىڭ پارلاندۇرۇشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۆز

رۇخسارىنى ئايان قىلىدۇ.

سائادەت، جۇدالىقتىن ئېسەدەپ ھەر بىر سىل-كىنىشىڭدە ئۆزىنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلىرىنى تۆ-كۈپ، سېنىڭ يالىڭاچ لاتاپىتىڭنى ئوچۇق كۆرسىد-تىدۇ.

ۋۇجۇدۇڭ ئادەم ھەم ئالەم كۆز ياشلىرىدا پاك-لىنىپ ئىككىنچى سائادەتكە تەلپۈنگەن چاغلاردا، مەن قەدىم يايلاقنىڭ ئۇچقۇر ئارغىمىقىنى مىنىپ كېلىپ ئىشىكىڭنى چېكىمەن.

ئەنە، دىل رىشتى رىتىملىك سادالاردىن بىر-دىنلا تىترەپ كۈيدار سىلكىنىشلىرىنى باشلىدى. چىغىر يوللاردىكى چەيلەنگەن ياۋا گۈل - گىياھلار-مۇ سۈبھى شەبنەملىرىدىن زوقلىنىپ ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى. مۇدھىش كۆلەڭگىلەرنىڭ ئاخىرقى قارىسى يىتىپ، راھەت بەخش ساپ سابا پەرىسى لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى.

مەن سېنى قۇياش ئىلاھىنىڭ قىيا ئۇستىدىكى ئاپئاق چېدىرىدەك يارقىن جۇلالىنىپ تۇرغان سۆي-گۈ ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن! كائىنات باغرىدىكى بۇ شاۋقۇنلۇق ئۆيدە قۇياش بىزنىڭ كۆكسىمىزدىن بالقىپ چىقىدۇ ھەم بىزگە تۇنجى تەبەسسۇمىنى قال-

دۇرۇپ كۆككە ئۇچۇپ كېتىدۇ. بىز ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئەسلى سۈرىتىگە كىرىپ، بې-ھىشنىڭ ئىككىنچى ئەپسانىلىرىنى كەڭرى ئالەمگە ئاستا پىچىرلاپ ئېيتىمىز!

5

سېنى ئىخلاس بىلەن يېنىمغا چىللاپ كۆزلە-رىڭگە ئوتتەك يېنىپ تىكىلسەم، قەلبىڭدىن نۇر يامغۇرى تۆكۈلىدۇ. ئەتىكى سائادەت سۆيگۈ ئۆيدە-دىن جاراڭلىق كۈي ـ ناۋا بولۇپ ئاڭلىنىدۇ.

6

... بىز، پارچىلانغان ئالەمدىن قايتقان بىرلىك سەرگەردانلىرى.

بىز، خۇپىيانە گۇناھتىن تۇۋا ھىممەتلىرى بى-لەن يانغان ئۇلۇغلۇق سازەندىلىرى.

بىز، كامالەت ۋە مۇھەببەت گۈلىستانىدىكى سۆيگۈ ئۆيىنىڭ مۇبارەك بەخت سۇلتانلىرى.

بىز، يەنە مۇز ئۇستىدە ئوتقاش ياندۇرۇپ ۋە-

سال ئىقىنىغا چېچىلغان مېۋىلەرنىڭ خاسىيەتلىك ئۇرۇقلىرى...

ئەي ئەتراپىمدا بىخ ئۇرغان پىنھانە مەھبۇب، تەنھالىقىم ئەقىدەڭگە تۇتىشىپ مۇھەببەتنىڭ سازىنى چالدى. ئۇنىڭدىن ئۇرغۇغان قالتىس شېرىن كامالەت كۆيى قەلب نوتىلىرىڭنىڭ شىرنىلىرىگە شىرنە بولۇپ تاراپ كەتتى. مەن ئىككىنچى يېتىلىشىڭگە تىكىلىپ، قەلبىمنى يوللىرىڭغا ياپانداز قىلىپ راسلىدىم. سېغىنىش، سېنىڭ مەندىكى مەڭگۈلۈك ۋەتىنىڭدە چوغلانغان قىپقىزىل لالە بولۇپ ئېچىلدى. مەن سۆيگۈ ئۆيىمنىڭ ئۆگزىسىگە كۆك تۇغ قاداپ بەلگە قىلدىم ھەم سېنىڭ ئۈچۈن ھەق نۇرىدىن ئەڭ ئېسىل نۇر شارابى تەييارلاپ كۈتۈشلەر ئارا ئىستىقامەتكە ئولتۇردۇم...

سۆيگۈ ئۆيى — قۇياش، ئادەم ۋە ئالەم ئۈچراشقان جاي.

سۆيگۈ ئۆيى — قەلب مېۋىسى قىيام - ئەيىام بولغان پانىيدىكى جەننەت!

سۆيگۈ ئۆيى — كامالەت نۇرى مۇقەددەس يارقىنلىق چاچقان سېھىرلىك چوغدان!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# سۇكۇت پەرۋازى

## 1

شولىلار ئارا شولا بولۇپ تىترەيمەن، نۇر تەبەسسۇمىدا رۇخسارىم ئايان بولىدۇ.

ئۇمىدلىرىڭنىڭ جۇلدۇر كېپەنلىرىنى ياماۋەر، ئۇ، بىر چاغلاردا بەختىنىڭ تەۋەرۇك يالدامىسى بولۇپ قالىدۇ.

خەيرلىك كۇنمۇ ئاخىرى زەھرىنى چاچىدۇ.

سەندىكى مۇقەددەسلىك چىدام بىلەن قالتىس بىر ئويغىنىشتا ئەكس ئېتىدۇ. دەس تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بويلاپ ئەتراپقا قارىساڭ، سىرلارنىڭ دائىما تەكرار بىر سەبىي ئويۇننى كۆرۈسەن.

ئىپتىخار بىلەن چاقىرىلىپ زاھىرلىقىمنىڭ لەززىتىنى سېزىمەن، ئوتلۇق چاقىرىقلىرىمدا ھەققىمنىڭ غۇرۇرى جۇلالىنىدۇ. ئارىدىكى بوشلۇق تارايغانسېرى، ئەسلى مۆجىزىكارلىق خىسلىتى باغرىمدىن شىددەتلىك تاشىدۇ.

ئۆلۈمگە پىسەنتىم يوق، مەن ئۇنى كۆلالچە-
نىڭ لىپىدەك مىجىقلاپ يۇرۇپ چىرايلىق بىر سەنـ-
ئەت بويۇمىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇم. خالىساڭ، ئۇ-
نى ئىلىپ كىتىپ دەرىزەڭگە تىزىپ قوي، ئۇندا بىر
ھىكمەت جۇلاسى مۇقەررەر زاھىردۇر!

## 2

ھەر تاڭنىڭ شولىسى سىنى ئىسىمگە سالىدۇ،
شولىلار ئارا ساڭا قاراپ قەلبىمنى يىشىمەن.
قەلب ئۇلۇغلۇقىدىن تارىغان نۇرلار ھايات مۇ-
ساپەڭنى يارقىن ئەيلەپ، ياش ئىرادەڭنىڭ جەزى-
بىسىگە ھۆسۇن قوشسۇن. يىراقتىكى قەدىناس چا-
قىرىقلار چۇشلىرىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يۇرىكىڭ
پىنھانىدا ئەڭ شىرىن بەخت كۈيى بولۇپ جاراڭلى-
سۇن!
ئەي سۈكۈت ئىلكىدىكى قاياشلىق پەرۋازدا-
شىم، تەنھالىقىم تەنھالىقىڭغا ھەق نۇرىدىن دىرەك-
لەر بىرەلىمىگەن تەقدىردە، بىزنىڭ ياشلىق جىلۋى-
سىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۈيلىرىدە
تىلسىم يىشىپ يۇرىشىمىزنىڭ قىممىتى يوققا چى-

قىدۇ. شۇ ھالدا سۈكۈتلەرنىڭ نېسى قالغان بەختى-
نى ئىزدەپ بىر ئۆمۈر سەرسانلىق ئالمىغىدە يۈر-
سەم، دۇنياغا قانداق كىرگەنلىكىمنىڭ سىرىنى
كىملەر يېشىدۇ؟!

قەلبىتىكى چەكسىز ھۆر ئىپتىخاردا قايمۇقۇپ ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاقىرىقلىرىغا بىچارە ئېھتى-ياتكارلىق بىلەن قاراپ تۇرۇش نېمە دېگەن بىمەنە!

مانا، ئىلھامىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىدا كۆيۈپ پى-شىپمۇ قالدىم، تاۋۇڭ بولسا قىزارغان مېۋىلىرى-دىن ئال، تەمىنى تەمىڭ بىلەن تېتىپ كۆر. كۈز شاملى ھىلىغىچە يوپۇرماقلارنى تۆكۈپ تىلىدۇ، چىغىر يوللارنىڭ ئىزناسى يىتكەندە، ئېھتىمال چەكسىز بىر خىللىق ئىچىدە ئېزىپمۇ قالىسەن. ئۆلۈم، ئۇچلۇق ھاسىسىنى قولىغا ئالالىسا، باغلى-رىمدا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. مەن سائا-دەتلىك ھالدا مۇھەببەتكە قايتىپ، بۇرمىلانغان كەچمىشلىرىم ئۇچۇن قانغۇچە قاقاقلاپ كۈلىمەن.

مۇھەببەت، ئەمدىكى باشلىنىشىدا نۇر ئوقياسىنى كەڭ كېرىپ، كىرىچىنى كۈچ بىلەن تارتىدۇ. ۋى-ژىلدىغان ئوقلارنىڭ مۇھەببەتتىن مۇھەببەتكە ئۇ-چۇشى پەقەت قانلارنىڭ چوڭقۇر قاراڭغۇلۇقىدىنلا

ئاڭلىنىدۇ...

### 3

نىگاھلىرىم سىرتىدا ئەمەسسەن، قەلبىمنىڭ ئەڭ مەزمۇندار سۆھبەتلىرى ھېلىدىن ھېلىغا سېنىڭ بىلەن شادلىق ـ ۋىسال تاپىدۇ. شۇ ئەسنالارنىڭ ئۆزىدە سېنى ئۆزۈمگە ھەمرا قىلغىنىمچە مادىدىنىڭ سىرتىدىكى چەكسىز كەڭ ئالەمگە چىقىپ كېتىمەن. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە قەلبىنىڭ كىرسىز مەيلىدە يېشىلىپ رەڭدار مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاھ، سەنسىز مالاللىقا، سەنسىز تەڭقىسلىققا تېرەن پاتقان بۇ ئالەمگە قايتىپ، كېچىنىڭ خەنجىرى يۇرەكنى تىلىپ ئۆتكەن ئازابلىق كۇنلەرنى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش رايىش بىر ھالدا كۇتۇۋېلىش نېمە دېگەن دەھشەت!

جېنىمنىڭ ئاغرىقى ئۆزۇمگە تالىق ئەمەس، مەن ئۇندىن ۋۇجۇد چەكسىزلىكىنىڭ روھنى تۇگەشتۇرگۇچى ئېچىنىشلىق ئاھۇ ـ زارىنى ئاڭلايمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتىشلار شۇ قەدەر تېز ئالمىشىدۇ، كىچىك-
كىنە تەنها كەپەم بۇ غېرىپ چۆللەر ئارا جەننەت
سىياقىدا نۇرلىنىپ كۆرۈنىدۇ. ئارامىمغا بۆلىنىپ
ئۆزۈمنى تىڭشايمەن ۋە ئۇندىن سېنىڭ كۈيدار ئاۋا-
زىڭنى ئاڭلايمەن. يىراق بىر يەردە، ئېھتىمال ئارد-
ىمىزدىكى نامەلۇم دىدار دوقمۇشىدا بىر پىنهانە كۈن
خۇپىيانە سالام بېرىدۇ. ۋاقىت باغرىنى يېرىپ ئۆ-
تۇپ ئەشۇ مۆجىزىنىڭ ئاپئاق رۇخسارىنى يۇرىكىم
بىلەن سىلىغۇم، ئاڭا قانلىرىمدىن ئاينىغان خۇش-
پۇراق گۈلدەستىلەر بىلەن ئېھتىرام بىلدۇرگۈم
كېلىدۇ.

ناتونۇش رەڭسىز كۈنلەرنىڭ مۇدھىش ئاقما
يولىغا قاراپ شۈكرى — سانا ئېيتىش بىچارىلىكى
يېنىمدىن ئېھتىيات بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتى-
دۇ. سۈكۈتلىرىم، مەنزىللەردىكى تۈگىمىشلەر-
نىڭ ھەسرەت — نادامىتىدىن يانغىن، چاقماقلارغا
ھامىلدار بىر قەۋەت قارا بۇلۇت ھاسىل قىلىدۇ.

## 4

سۈكۈت ۋەزنىدە يارالماقتىمىز!

يۇرىكىمنىڭ مەنلا ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ئار-مانلىق سادالىرى يۇرىكىم بوستانىدا رەڭدار چېچەك-لەر ئاچتى.

قان يامغۇرىدىن كېيىنكى تاڭدا، يۇلغۇن چە-ۋىقىدىن توقۇلغان چىرايلىق سىۋىتىڭنى كۆتۈرۈپ يېنىمغا هازىر بول. قىيامىغا يەتكەن مېۋىلەرنىڭ قان رەڭگىدە كۈرمىڭلىغان ئاتەش كۆزلەرنىڭ ئاۋ-ۋالقى پىنهان نۇرى چاقنايدۇ. چانقىڭغا سىغمىغان ياشلار قەلبىم بويلاپ ئېقىپ، تۇپراق بېشىدىكى قىپقىزىل لالىلەرگە هۆسۈن ـ سۈبات ئاتا قىلىدۇ.

ئۆيۈمگە قايتىپ، سېنىڭ ئۇيۇلۇپ تۇرۇپ جىمجىت سۆيۈشلىرىڭنى قوبۇل قىلىمەن. چاچلى-رىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ، ئۇندىكى سېھىرلىك جىمجىتلىق ئىلكىدە يۈزلىرىڭنى يۇمشاق سىلاي-مەن. جان گۈللىرى نازىنىپ يەلپۈنىپ تۇپراقلىرى-مىزغا پىشقان ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. كۆكلەم پەسلىدە بىخ ئۇرغان مايسىلاردا بىزنىڭ بىرىكىپ رەڭ تۈز-گەن يېپيېڭى سۈرەتلىرىمىز ئۆزگىچە تەبەسسۇم قى-لىدۇ...

ئۆز پىنهانىمدا تاشقىنلاپ، ساڭا نامەلۇم هەرد-كەتلىرىمنىڭ مېۋىسىنى پەرۋىش ئېتىمەن.

رەستىلەردىن قايتىپ كەت، ئىشىك ـ ئىشىك-
لەرگە ئېسىلغان رەڭدار سۈرەتلەردە مېنىڭ ساڭا
تونۇش سىمائىي جۇلائىم يوق. يىراق چۆللەرمۇ
تېخىچە مېنىڭ دېرىكىمدىن بىخەۋەر مۈگدەپ ياتى-
دۇ. بىلسەڭ ئىدىڭ، ھەر سەھەر قۇياشنىڭ ئىل-
لىق نۇرى بىلەن بىرگە دەرىزەڭدىن بىمالال شۇڭ-
غۇپ كىرىپ يۈزلىرىڭنى سۆيۈپ كېلىۋاتىمەن.

5

شەپىلىرىڭ لەيلەپ كېلىدۇ، قەلبىمدىكى مەڭ-
گۈلۈك ۋەتەندە سەھەر قۇياشىدەك يېپيېڭى پارلاي-
مەن!

ئازابلىرىڭنىڭ قىرتاقلىقىدا دەممۇ ـ دەم سىل-
كىنىپ، خىياللىرىڭنىڭ يۈرىكىڭدىكى بىتاقەت
دەۋرەشلىرىگە جىددى قۇلاق سال.

يېڭى سەھەرنىڭ رەڭدار جۇلاسى سۇلغۇن چېھ-
رىڭگە شولىلار تاشلاشتىن ئىلگىرى قەلبىڭ نۇر
قىيانىغا تولۇپ مەۋھۇم ھەرىكەتنىڭ ھايات ـ ماما-
تىدا رەڭ تالاشسۇن!

سېنى پىنھانىمغا يوشۇرۇپ ئېلىپ پىشمىغان



www.uyghurkitap.com

مېۋىلىرىڭگە سايىۋەن بولغۇم يوق. ماڭا ئوخشاش ئاق سەھەرنىڭ كەڭلىكىدە تۇغۇلغان ئاپئاق كەڭ-لىكسەن!

سېنى ئۆزۈمگە قوشۇۋېتىپ مەۋجۇتلۇقىڭنىڭ قىممىتىگە ماتەم ناخشىسى ئېيتقۇم يوق. ماڭا ئوخ-شاش ھەق نۇرىدىن يارالغان ھەق نۇرىنىڭ مۆجىزى-كار چەكسىزلىكىسەن!

سېنى ئۆز ۋايىڭدا رەڭ چاققان يېگانە دۇنيادىن ئىزدەيمەن.

تۇيغۇ بەرگۈچى سېھىرلىك دوقمۇشتا كۈتۈپ تۇر، گەرچە ماڭا ئوخشاش ۋاقىتنىڭ مۆجىزىكار باغرىدا شىددەتلىك ئېقىپ يۈرسەڭمۇ.

ئۆچرىشىش تەقدىرىگە تەن بەر، ئارىمىزنىڭ شەكلەن يىراقلىقى سېنى تەشۋىشكە سالمىسۇن، قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك ۋەتىنىڭدە سەن تۈنجى رەڭ بەرگەن كۆك تۇغ ھېلىغىچە بەھەيۋەت جەۋلان قى-لىپ تۇرىدۇ.

**6**

ۋەتەنىدىن ۋەتەنگە مەھكۇم بولغان كۆڭۈلنىڭ

ھىجرانىدا غەمكىن ئاقىمىز، ياشلىق سائىتىنىڭ ئاتەش سىرلىرى دەل ئەشۇ مەڭگۈلۈك ھىجرانىدا يېشىلىدۇ.

تىمتاسلىق ئىچىدە تۇختام ھاسىل قىلغان تارام- تارام كۆڭۈل ئېقىنلىرى ئاندا - ساندا ئەنسىز تامچىلاردىن باشقا چايقىلىش مۆجىزىلىرى كۆرسەتـ- مەيدۇ. يېقىن ئارىلىقتا ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ يۈرگەن چايكىلار، زوق - شوخ بىلەن چۆمۈلۈپ چوڭقۇردىن ئۈنچە - مارجان سۈزۈشكە، سۆيگۈ تېشى ئېتىپ ئىزگۈ داۋالغۇش شاۋقۇنىنى كۆرۈشكە بىتاقەت يۈرگەن كىشىلەرنىڭ غەمكىن چىرايى كۆزگە تاشلىنىدۇ. قاغجىرىغان، سۈكۈت باسقان سۆيۈملۈك ساھىللاردا جۇلاسىز باتىن ئويلار ئۇزاق- قىچە داۋام قىلىدۇ.

ئۆي قەپىسىدە تۇتقۇن قۇش مىسال دەردمەن ناۋا ئەيلەپ ۋىسال قۇچۇش ئىشتىياقىم يوق. ھەمى- شە ئۆزۈمدە ساماۋى دولقۇنلار ياساپ، ئۇپۇقلىرىم سىرتىدىكى ئىككىنچى دۇنيانىڭ ئىشىكىنى چېكـ- مەن. قان يامغۇرى سۈكۈت ئىلكىدىكى ھاياتىي پەرۋازلار ئارا تۆكۈلىدۇ.

يۈر، ھاياجانلىق جۇشقۇن پەرۋازلىرىم، بىز



www.uyghurkitap.com

دەريا بويىدا ئاپئاق چاكانتاش تېرىپ يۇرگەن بەختىـ
يار باللارغا ئوخشاش ھەم ئېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ
ئىچىدىكى سۆيگۈ زارىغا پەرۋا قىلماي كېتىۋېرەيـ
لى. بىزنىڭ بارلىقىمىز ئۆز - ئۆزىمىزدە زاھىر
بولۇپ تەبئەتنىڭ بىپايان قوينىدا مەزمۇن تاپسۇن!

يۇر، ھاياجانلىق جۇشقۇن چاقماقلىرىم، بىز
بارلىق قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ جىنچىراقلىرىدىن
ھالقىپ ئۆتۈپ بۇلۇتلار ئارا نۇسرەت قۇچايلى.
تىنچقىنە ئارامىدا غەمكىن ئاققان كۆكۈل ئېقىنلىـ
رى بۇ دەھشەت چېقىنلاردىن ۋە ئۇ تۆككەن روھ
يامغۇرىدىن لەرزىگە كېلىپ تاشقىن ھاسىل قىلىـ
سۇن!

يۇر، ھاياجانلىق جۇشقۇن ئىستەكلىرىم، بىز
زاغرىسىنى سۇغا چىلاپ يەپ مېھنەت قاينىمىغا بەـ
ھوزۇر چۆكۈپ كەتكەن شادىمان جاپاكەش مىسال
پوتىمىزنى مەھكەم باغلاپ، يەڭلىرىمىزنى شىمايلاپ
تۇرۇپ كۆكۈل ئېقىنلىرى ئارا ئۇلۇغ بىر قانال
قازايلى. ئۆز - ئۆزىدە ئايلىنىپ دولقۇنلۇق چايقىـ
لىش خىسلىتىنى ئۇنتۇغان كۆكۈل ئېقىنلىرى
بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ، قوشۇلۇش تاشقىنىدىن
ھاياتلىق مۆجىزىلىرى ياراتسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 7

سۆكۆت پەرۋازى ئىچىدە زورىيىپ شەكىللىرىمنىڭ رەڭدار ئەۋجىدە سىڭىپ كېتىشىگە ئالىمەن!

... ھېلىغىچە ئۆزۈمنىڭ يىراق مۇساپىسىدە سايىاق يۈرگەن تەنھا يولۇچىمەن.

جۇدۇن كۆيىگە شىرىك باغلاردا پەقەت ئازغىنە ئاققۇشقاچ باللىرىنىڭ ئۆزۈك - ئۆزۈك ناۋاسى ئاڭلىنىدۇ. پەسىل قۇشلىرى سۆكۈتلەر پىنھانىدا ۋەزمىن قانات قېقىپ چېچەك پەسلىگە ئوتلۇق قەسىدە ئوقۇيدۇ. چىرىگەن يوپۇرماقلارنىڭ ئىللىق قوينىدا مەڭگۈلۈك روھنىڭ ھاياتىي بىخلىرى خۇپىيانە بوي تارتىدۇ.

ئاھ، جان قۇياشىم! يالغۇزلۇق مۇڭى غېرىب خانەڭدىن تېشىپ چىقىپ ياۋايى سادالارغا قوشۇلغان چاغلاردا تاڭ ئاتىدۇ، يېڭى سەھەر بىلەن بىرگە سېنى ئىشىكىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان بولىمەن...



# ئىللىق مۇك

ئۇ پۇقتىن ئىللىق مۇك كۆتۈرۈلدى، مەن سېنى قەلبىم بىلەن چاقىرىمەن. كەلگىن، يېنىمغا يەنىمۇ يېقىنراق كەلگىن، بىز زاھىر دۇنيادىكى سۆرۈن شاۋقۇنلار ئۈستىگە باتىن دۇنيانىڭ ئىللىق سۆھبەتلىرىنى قۇرايلى!

كەلگىن، قەلبىڭنىڭ پىنھان ئۇچقۇنلىرى ئەتراپىڭدا ھۇۋۇلاپ يۇرگەن سوغ شاماللار قەھرىدە ئۆچۇپ قالمىسۇن!

كەلگىن، بىلىقسىز تىپتىنچ كۆلنىڭ ئايىقى چىقماس تۇرغۇن تىمتاسلىق ئىلكىدە قۇرتلاپ قالمىسۇن!

ئۇ پۇقتىن ئىللىق مۇك كۆتۈرۈلدى، سېنى پەقەت قەلبىم بىلەنلا چاقىرىمەن...

ۋاقتىنىڭ شەپىسىز يورغىسىغا قاراپ تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىڭنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ غەمكىن كۇلۇمسىرەشلىرى ئاستىدا ئىنچىكە، ئېگىز بوي تارتقان ياۋا ئەتىرگۇللىرىم سۇس رەڭ-

لەردە پورەكلەپ ئېچىلدى. يىراقتا قالغان كۆنلەر بىلەن يېقىن ئارىدا كېلىدىغان كۆنلەر ئارىسىدا بىر ئەينى بىر تەلۋە مەجنۇنمەن.

كۆڭۈل دوزىقىمدا ئوتلار لاۋۇلدايدۇ، ئۇندا ئېھتىمال كىمدۇر بىرى كۆيۈپ كۆلگە ئايلانماقتا...

سادالىرىمنىڭ چېكى كۆرۈنمەيدۇ.

مانا، قەلب سۆزلىرىم ئاللىبورۇن ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، تەنھالىق باغرىدا قوتراپ يۈرگەن شادلىقلارنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپتۇ.

روھىمدا ھەم قېنىمدا سېھىرلىك ئوت يالقۇنى دەھشەتلىك دولقۇن ياسىدى. سەن، مەن، يەنە ئال-لىكىملەر چېتىلغان پولات ئارقان كۆز ئالدىمدا قانغا مىلىنىپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. كەلگۈسىنىڭ گۈلسىمان مەنزىرىسى ئالۋۇن پەسىللىرىدە رەڭ ئالماشتۇردى. ئەللەي ناخشىسى يىراقتىن، قانداق-تۇر بىر يېقىن چوڭقۇرلۇقتىن ناھايىتى بوش ئاڭ-لىنىدۇ.

ئېھ، ئامرىقىم، مەن ئۇنى ساڭا ئۆ-زۈمنىڭ دەردمەن ئاۋازى بىلەن يېقىملىق قىلىپ ئېيتىپ بەرسەم يىغلارسەنمۇ؟!

كۆز قارىچۇقۇمدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ

مۇقەددەس سىماسى، ئۇلار بىھىش ئەپسانىگە ئايلاند-
غان جايدا، ئارمان يالقۇن چاچقان يۇلتۇزلار ئالد-
ىدە، سېنى ھەم مېنى تەۋرىتىپ پەپىلەپ كەلگەن
قەدىمكى كەپىدىكى قەدىمكى بۆشۈك يېنىدا!
سەن مېنىڭ بەدىنىمدىكى بىر تال قوۋۇرغىمۇ
ياكى ئاللىبۇرۇن تەۋەللۇت بولغان ھاۋا ئانىنىڭ نەق
ئۆزىمۇ؟...
يىراق - يىراقلارغا كۆز سېلىپ سېنى خىيال
قىلىمەن، خىيال ئارا مەجنۇن بولۇپ جاھان كېزد-
ىمەن. چۆللەر غېرىبسىنىدۇ، تاغلار ئېغىر سۈكۈت-
كە چۆكىدۇ، دەريالار سەل - سەل ياشلىرىنى تۆ-
كۈپ ئۆزىنى ھەريان ئۇرىدۇ. چەكسىز
دالىدا قۇيۇندەك تولغىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشسەم،
داپ ئوينىتىپ نەغمە - ناۋا قىلسام، ئەسىرلەر
زۇلمىتىدە ساداسىنى يىتتۇرۇپ قويغان نىمجان زې-
مىن لەرزىگە كەلسە، ئاھ، كىمنىڭ دەردى يەي!
يول يۇرمەكتىمەن.
مانا، قەدەمسېرى يېقىنلاپ ھەم يىراقلاپ كې-
تىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپتىمەن.
قۇلاق سال، مۇزىكا ئەۋجلەنمەكتە. كۆز -
كۆزلەردىن ئوت - ئۇچقۇن چاچرىماقتا، تېلېفون

سىمىمۇ بەئەينى ئىلاھى يىلاندەك تەنلەرگە يۆگى-
شىپ، ئۇنىڭ باتىن ئالىمىدە رەڭدار چېچەكلەرنى
ئېچىلدۇرماقتا...

ئەي سۆكۈت قەپەسىدە ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ئىلاھە، قارا بۇلۇت ۋە ئۇنىڭ سىم - سىم يامغۇرى ئاستىدا زورىيىپ بېرىۋاتقان شەكىلسىز گەۋدەمگە قارىغىن! ئۇ رىۋايەتلەردىكى ئۇلۇغ بوۋاينىڭ قىساس ئوتىدا دەس تۇرغان چاغدىكى ياۋايى قىياپىتىگە ئاجايىپ ئوخشايدۇ. سېنى قەپەسلىرىڭ سىرتىدىكى چەكسىز كەڭ دالىغا چاقىرىمەن. ئۇ يەردە مەن ساڭا شاش ئارغىمىقىمنى توقۇپ قويدۇم. ئۇ ۋاقىتنى پاسىل قىلغان ئىككى چەكسىزلىك ئارىسىدىكى جەڭگىۋار يۈرۈشلىرىڭدە ئۇچقۇر ئاياقلىرىدىن چاڭ - توزان ھەم ئوت - ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىدۇ
...

نىگارا، ئاشۇ تونۇش - ناتونۇش ئاۋازلارنى ئاڭلاۋاتامسەن؟!

مېنىڭ بىلەن بىرگە تەنلىرىڭنى چىرمىغان تېلېفون سىمىدەك تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينىيالامسەن؟!

---

ماڭا ئوخشاش غېرىب دەشت - باياۋانلاردا داپ

ئوينىتىپ، تەلقىن قىلىپ نەغمە - ناۋالىرىڭ بىلەن
پىنھانە سەھەر ۋە ئۇنىڭ چەكسىز كۆك ئاسمىنىغا
تەنتەنە قىلالامسەن؟!

ھاياتلىق جەڭگاھلىرىدا سۇزۇك ئاي نۇرىدەك
يارقىنلىق چاچقان تۇمارس[1] مىسال ئۆز قانلىرىڭ
بىلەن قىپقىزىل گۈل - غۇنچىلار ئېچىلدۇرالام-
سەن؟!...

ئۇپۇقتىن ئىللىق مۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئاھ،
مەن سېنى پەقەت قەلبىم بىلەن چاقىرىمەن. كەل،
يېنىمغا يەنىمۇ يېقىنراق كەل، بىز باتىن دۇنيانىڭ
ئىللىق شاۋقۇنلىرى ئۈستىگە زاھىر دۇنيانىڭ مۇ-
قەددەس ئابىدىسىنى تىكلەيلى!

كەل، قەلبىڭنىڭ پىنھانە ئۇچقۇنلىرى ئەترا-
پىڭدا ھۇۋۇلاپ يۇرگەن سوغ شامالار قەھرىدە ئۆ-
چۈپ قالمىسۇن!

كەل، بېلىقسىز تىپتىنچ كۆلىڭ ئايىقى چىقـ-
ماس تۇرغۇن تىمتاسلىق ئىلكىدە قۇرتلاپ قالمى-
سۇن!

ئۇپۇقتىن ئىللىق مۇڭ كۆتۈرۈلدى، مەن سې-
نى پەقەت قەلبىم بىلەنلا چاقىرىمەن...

---

① تۇمارس - قەدىمكى ساكلارنىڭ مەشھۇر ئايال قەھرىمانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەنھالىق سەھراسى

دۇنيانىڭ مەزمۇندار چىنلىقىدىن بەھرىلىنىش ئىشتىياقىدا كۆيىمەن.

ئەي ئادەم، رەڭلىرىڭنىڭ تولىلىقىدىن كۆزۈم تالماقتا...

يىراقتا كېتىۋاتقان رەڭدار سەرگۈزەشتىلەرگە قاراپ ئۇزاقىچە سۈكۈتتە تۇردۇم. نۇر - ھىدلىرىم چاڭ - تۇزانلارغا قوشۇلۇپ بىر تىراگېدىك ئەپسانىگە ئايلاندى. مانا، غايىب چاقناشلار بىلەن تىلسىملانغان يوللار ئاشۇ ئەپسانىنى ئاستا پىچىرلاپ ئېيتماقتا.

ئاھ، نېمانچە ئۇزاقتا سوزۇلغان تەنھالىق بۇ!

سېنى قايسى بىر كۈن كېلەركىن دەپ ۋاقىت ئارىلاپ پال سالدىم. تېخى تېگى ئاتمىغان كېچىدەك قاراڭغۇ، زۇلمەتلىكسەن!

پەرۋەردىگارنىڭ تىمتاس دەۋەتلىرى دىلىمدا خۇپىيانە ئۇچقۇن ھاسىل قىلدى.

قارىلىق ئورىغان ئالەمنىڭ كەچكى سوغۇقلى-
رى جىسمىمنى ئاستا قورىغاندا، سىنىڭ ئوتلۇق
نەپەسلىرىڭ يادىمدىن كەچتى، ئېھتىمال ئۆيۈڭدە
ئوت ئىسسىنىپ يالقۇنجاپ ئولتۇرغانسەن...
ئوتتەك قىزىق قانلارنىڭ تەپتى ئىزغىرىپ
يۈرگەن قۇرغاق سوغ شاماللار قوينىدا سوۋۇماقتا.
ئاسماننىڭ يېرىق - ئاراچلىرىدا ئەرك تاپالماي
ئېزىلگەن چاقماقلار ئاقار يۇلتۇز بولۇپ ئېقىپ
چۈشمەكتە.
كۆز ياشلار سېلى تەن چىچەكلىرىنى سولدۇ-
رۇپ، دوقمۇش - دوقمۇشلاردا مۇز بولۇپ قاتماق-
تا.
تەنها ئادەمنىڭ تەنها قىيا ئۇستىدىكى تەنها
هۇۋلاشلىرى سوكۇتكە چۆمدى...
ئاھ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، ئاھ، جانلىرىمنىڭ
پارلاق قۇياشى، بىز ئۆز - ئۆزىمىزنىڭ تەنها سەھ-
راسىدىكى مەڭگۈلۈك سەرگەردان!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئوت

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق تەپتىدە ۋۇجۇدۇڭنى قىزدۇرۇپ ئىككىنچى يانغىن ئۇچۇن تېزدىن ھازىرلان!

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ. ئۇزاق تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىن ئۆزگە ئىللىق پاناھ جاي يوق. تۈن سەرسانلىقىنىڭ غەمكىن دەملىرىدە، قەلبىڭنى قىپقىزىل چوغلار ئۇستىگە تاشلاپ ۋۇجۇدۇڭ قاراڭغۇلۇقىغا يارقىنلىق بەر. ئارىمىزدىكى سۆرۈن بوشلۇق قەلب يارقىنلىقى ئىچىدە تارىيىپ ئۆز ناۋالىرىغا زوقمەنلىك ئاتا قىلسۇن.

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ چاراقلاپ يېنىشلىرى بىر مەڭگۇلۇك سېھرىي ئوتنى ئۆز قويىنىدا پىنھان تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئوت سېزىمى ئىلكىدە زوقلىنىپ ناخشا ئېيتىش كېچىنىڭ تەئەججۇپلىرى قاتارىدا ساڭا ھەم ماڭا ئۇزاققىچە ئۇدۇمدۇر. ئېھتىمال يارقىن چاقناشلىرىنى يوقاتمىغان قەلب ھار-

پا كېچىلەرنىڭ كۆكتىكى جىمىر - جىمىر نۇر -
يورۇقلۇق ئىزنالىرىدىن پىنهان بىر مۇقەددەس يار-
قىنلىقنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ھەقىقەتلىرىگە
ناخشا بىلەن تەنتەنە قىلىدىغاندۇر…
ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

ھايات چىرىقى خىيالىي تۇيغۇدەك دولقۇنلىنىپ
پىلىك مەھكۇملۇقىدا ھەريان قاناتلانغان كىچىككىنە
ھۇجرامدا، مەجنۇن سۇپەت بىر نەچچە ئادەمنىڭ
ئوتقاش كۆتۈرۈپ ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقى ئېغىر
خىياللىرىم قېتىدىن تۇيۇقسىز يالت قىلىپ كەچ-
تى. تۇنۇگۈننىڭ تونۇش كونا ئۆيلىرىدىنمۇ شۇنىڭ-
غا ئوخشاش بىر خىل يارقىنلىق غۇۋا جىمىرلاپ
تۇراتتى. تۇنۇگۈن بىلەن بۇگۈن، يۇلتۇزلار بىلەن
ھايات چىرىقى ئارىسىدىكى نۇر خاسىيىتىدە سۆيۈش-
كەن بوشلۇق ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ تەلۋە قارا
بورانىنىڭ بەھوزۇر ساماگاھىغا ئايلانغانىدى.

نۇر نامراتلىقىدا غۇۋالىشىپ چىركىنلىك ئو-
رىغان تەنھا ھۇجرىدا سېنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ
ئۇلۇغ - كىچىك تىندىم. لەۋلىرىڭ بىلەن قوللى-
رىڭ مۇزلاشقا باشلىغان، ئىشتىھايىڭ ئاۋۋالقى تات-
لىق ئارامىنى يوقاتقانىدى. يۈرىكىم ئۆزۈمگە مۇز-

لاپ قالغانده‌ك بىلىنىشكه باشلىدى. چوغلارنى يال-
قۇنجىتىپ ئۆرلىگەن كۇل توزانلىرى ئىپادىسى جى-
رەلەشكەن تىنىق كۆزلىرىڭنى ئېچىشتۇرۇپ مار-
جان ياشلىرىڭنى تۆكمەكتە ئىدى. كۇلكۆمەچنىڭ
چوغلار ئارا قىپقىزىل تاۋلىنىپ پىششىنى، توق-
لۇق كۇچىنىڭ نازلىرىڭدا رەڭدارلىق تېپىشىنى
كۇتۇپ ئوچاقتا يېقىنراق سۇرۇلدۇم. قەلبىم شۇئان
چوغلىنىپ يالقۇنجاشقا، بوشلۇق ئارا تىترىگەن نۇر
سەرسانلىقىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئېھتىمال مەن
لاۋۇلداپ يانغان قىپقىزىل ئوتقاش مىسالى ۋۇجۇ-
دۇڭغا ئىللىقلىق بەرمەكتە ئىدىم.

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

كۆيۈۋاتقان قەلبىمدە مۇقەددەس جاكارلار تۇ-
غۇلۇپ تۇن باغرىنى يېرىپ ئۆتمەكتە ئىدى. شۇئان
ساڭا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم، ناخشى-
لىرىمنىڭ جەڭگىۋار ساداسى قارا قۇيۇننىڭ مەج-
نۇن تۇۋۇرۇكىدىن سىيرىلىپ چۇشۇپ، ئۇنىڭ بى-
مەنە ساماسى ئاستىدا پايخان بولۇپ توزۇپ كەتتى.
قوللار بوشلۇقتا پۇلاڭلىدى، چەكچەيگەن جۇپ -
جۇپ كۆزلەر دەھشەتلىك ئۇچقۇنلارنى چاچرىتاتتى.
ۋاھالەنكى، ئىلتىجانىڭ سۆرۈن بوشلۇقىدىن قار -

مۇز لەيلدەپ يېغىشقا باشلىدى.

يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ ئۆچتى، چىرىقىمنىڭ هالسىز تىللىرىمۇ لەۋلىرىنى ئاران - ئاران يالاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. ئارمان تاشقىنىنى، ئەلەم ۋە غەزەپ قىيانىنى قەلبىمنىڭ مەۋھۇم جۇلاسىدا مەۋھۇمغىنە كۆرۈپ تۇراتتىم.

قېنى سەن ئاي يۇزلۇك نىگارا؟!

قېنى ئۇ ئوتقاش كۆتۈرۈپ يۈرگەن مەجنۇن ئادەملەر؟!

قېنى ئۇ سېنى، مېنى، بارچىنى پەرق ئەتكۈدەك نۇرلار جۇلاسى؟!

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

ئۆلۈمنىڭ لەززىتىنى سېزىپ كۆلەلمىگەن كۆلكىلىرىم باغرىمدىن شىددەتلىك تاشتى. كۆلكە ساداسى ئىچىدە تەۋرىگەن ئالەم بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمدى. جاننى ئۆز ئارامىغا بۆلگۈچى سىرلىق سۇكۇناتنىڭ نامەلۇم قىرغاقلىرىدىن تاڭ شەپىلىرى كېلىشكە باشلىدى. ئىككى جان بىر جان قەپىسى ئىچىدە گوياكى ساماۋى گۈلخاندەك يېنىپ تۇرۇن قوينىغا ئۆز يورۇقلۇقىنى چاچماقتا ئىدى.

ھەممە يەردە مەجنۇن ئادەملەرنىڭ ئېگىز كۆتۈرگەن قىپقىزىل ئوتقاشلىرى كۆرۈندى...

ئەي مەھبۇب، مېنى ئۆز جانلىرىڭ قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بۇ ئۇلۇغ پەيتلەردىكى قانلىق جەڭلەرگە تەقدىم ئەت! مەن بارلىق قاراڭغۇ بۇلۇڭ-لارغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئوتقاش قى-لىپ ياقىمەن. جەڭدە ئوتقاش كۆتۈرگەن مەجنۇن ئادەملىرىمگە ئوخشاشلا مېنىڭ قىپقىزىل قېنىممۇ سۇزۇلگەن ئۇپۇققا قاراپ نۇر مىسالى ئاقىدۇ. روھ پارتلىشى ئاشۇ مەنزىل ئارا كۆيگەن ئۇپۇق خىلۋەت-لىرىدىكى ساماۋى ئوت باغرىدىن مۇقەددەس نۇر ئۇچقۇنلىرى چاچرىتىدۇ. ئىشىكىڭنى ئۇلۇغ ئېچىپ قويۇپ تاڭ - سەھەر قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىدىغان قىپقىزىل مېۋىلەرنى خىيال قىل! ئۇندا شېرىن جېنىمنىڭ ئاداققى شىرنىسى ساڭا ئۆزگىچە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇزاق ئەسلىمىدىن كېيىن ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاشلىرىڭدا كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولىمەن!

ئوت ئاخىرى ئۆچىدۇ.

ئۆزۈڭدىن ئوتقاش يېقىپ مەجنۇن كېچىلەر-نىڭ تەڭقىس ھۇجرىلىرىغا تەقدىم ئەت! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭنىڭ چوغدانلىرىدا تاۋلاپ ئۇلۇغ جاكار پەيت-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتۈن يىغىلىش ئادرېسى

لىرى ئۇچۇن بەرقارار تۇر. ھايات چىرىقىدا قەلب ئوتى كۆيىدۇ، قەلب ئوتىدا ئىسسىق جان قىپقىزىل لاۋا سېلى بولۇپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ ئاقما ئىمكانىدىن يارقىنلىق مۆجىزىلىرى يارىلىپ، ئىككىنچى بىر تاڭ ھەقىقىتىنىڭ قەددىنى تىكلەيدۇ. شۇندا سەن قەلبلەر كۆكىدىكى مەڭگۈلۈك ئوتقا ئايلىنىپ، ۋۇ-جۇدلار قاراڭغۇلۇقىغا نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئاتا قىلى-سەن.



www.uyghurkitap.com

# كۆڭۈل قۇشۇم

## 1

ئەي كۆڭۈل قۇشۇم، پىنھانە غارىڭدا زاھىدلارنىڭ ھېكمەتلىرىگە مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرۇۋەرمە.

كېچىدىن بېرى پىغانلىق ناۋا قىلغان بۇلبۇلنىڭ ئۈنى ساڭا يېشىل ئورمانىنىڭ يېشىل ساماسىدىن دېرەكلەر يەتكۈزدى. غارلىرىڭدىن چىقىپ چىغىر يول بويىدىكى ئارچا دەرەخلىرى يېنىغا كېلىپ تۇرغىن. ئۇ يەردىكى بوشلۇق ۋە سۈكۈت سېنىڭ قاراڭ بىلەن ناخشاڭغا ھېلىغىچە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋپتۇ. قۇم دۆڭلىرىدىكى ئېغىر ھارغىنلىق خىيالىسىمان شاخلاپ كەتكەن ئورمان يوللىرىدا چېچىلىپ يېتىپتۇ، قۇشلار يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئەپچىلگىنە ئۇۋا ياساپ پاناھلىنىپتۇ، توزىغان گۈل - چېچەكلەر ھەممە يەردە توي چاچقۇسىدەك ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ...

سەن، سېھىرلەنگەن زەرھەل قەپەسنىڭ نىم-

جان مەھبۇسى ئەمەس!

پىنھانە غارىڭدىن قۇياشتەك پارلاپ چىق ۋە ياكى بۇركۇتتەك قەيسەر قانات قېقىپ چىق، كۆ-ڭۇل قۇشۇم! يېشىل ئورماننىڭ يېشىل ساماسى ھېلىغىچە سېنىڭ پارلاق پەرۋازىڭغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

## 2

ئەي كۆڭۇل قۇشۇم، كىچىككىنە ھۇجراڭدا ئۆتنە بېرىلگەن ھەم ئۆتنە ئېلىنغان بىھۇدە ھىجراز-لار بىلەن قاناتلىرىڭنى بوغۇچلاپ يېتىۋەرمە.

ئەييارلارنىڭ قەدىمى ئىشىك ئالدىڭغا كېلىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن تەسىرلىك قىسسىلەرنى سۆزلە-گەن، لىرىك شېئىر - قەسىدىلەر بىلەن ياش تۆك-كەن چاغلاردىمۇ، بۇ ۋەقەلەرنى ئۆزۈڭ بىلەن ھېچ-بىر ئالاقىسى يوق يوچۇن تارىخ بىل! زەڭگەر چۇش-لىرىڭ چۇۋۇلغان كوچا دوقمۇشلىرىدا مەن - مەنلا دەيدىغان، ئۆز نەپسى - قارنى ئۇچۇن ئۇيۇلۇشنىڭ ئورنىغا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۇلۇمسىرەيدىغان ئالا-يېشىل ئادەملەر يۇرىدۇ.

رەڭدار ئۆڭلەردىكى قېنىق بوياقلار تەكتىگە نەزەر سال كۆڭۈل قوشۇم، ئۇ تەبىئەتنىڭ ۋۇجۇد-تىكى ئەسلى مەنىسىدىن ناھايىتى يىراق. ئۇ ئۆڭ-لەردە سەن بىلىشنى كۈتمەيدىغان ھەم بىلىشنى خالىمايدىغان دەھشەتلەر گويا پەردە كەينىدىكى سۆ-يىقەستچىدەك ئۆزىنى يوشۇرۇۋالغان.

... يارا ئېغىزىدىن ھېلىغىچە قان تېمىپ تۇر-دۇ، داغلار يۇلتۇزلار ئەكسىدە قارىيىپ بارىدۇ، قاقسىق پۇراق كۆلكە چوڭقۇرلۇقىدىن دىماغنى ئې-چىشتۇرغۇچى چاك - تۇزان مىسالى ئۆرلەپ تۇرىدۇ...

ئاھ كۆڭۈل قوشۇم، سەن بىپايان خىيال ئې-كىنزارىنىڭ ئازغۇن ئەركىسى ئەمەس!

سەن بەختىيار ئۇۋۇچىنىڭ بەختسىز ئولجىسىمۇ ئەمەس!

مانا، ئورماندىكى سۇلغۇن ئىستەكلەرنىڭ سۇلغۇن چېچىنى يامغۇرلۇق گۈگۈمنى ئىشارە قىل-دى. مەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يۇيۇنۇپمۇ، يەنە يامغۇرلۇق كېچىدىكى قايناملاردا چۆمۈلۈشكە تەييار تۇرۇپتىمەن!

3

ئەي كۆڭۈل قۇشۇم، تۇنۇگۇنلەرنىڭ قۇلۇپلانـ-
غان ئۆيلىرى ئالدىدا ئەرۋاھتەك ئەگىپ يۈرۈۋەرمە.
بۈگۈننىڭ خاتىرە بەتلىرى ئالللىبورۇن ئېـ-
چىلدى، ئۇنىڭغا ھەم ئەتىنىڭ تەۋەللۇت سىرلىرى
سەۋەبلىك يوسۇندا پۈتۈلمەكتە.
ۋاقىت چوڭقۇرلۇقىدىن ئىلاھنىڭ سىماسى
پارلايدۇ. قۇلۇپلانغان ئۆيلەرنىڭ غۇۋا دەرىزىلىرىـ-
دىن ئېھتىمال شۇ مۇقەددەس سىماھنىڭ تۇرلۇكـ-
تۈمەن نەرسىلەردىكى روشەن ئىزناسىنى كۆرگەنـ-
سەن!
قايتىپ كەل، سېنى ھىجران كۈيگە بۆلەپ
شادلىق نېسىۋەڭدىن ئايرىغان ئازابلىق ئەپسانە قايتا
تەكرارلانمىسۇن!
مەن سېنى چاقىرغان سەھەر مېنىڭ ماتەم كۈـ-
يىم چېلىنغان دەملەر بولۇپ قالمىسۇن!
ماكانسىز روھ سەرسانىدۇر. گۇگۇملاردىن
ھالقىپ كېتىدىغان تاشقىنلىق ۋاقىت يوللىرى مانا
ھېلىغىچە سېنىڭ رەڭدار ھەرىكەتلىرىڭگە ئىنتىزار
بولۇپ تۇرۇپتۇ!

سەن، ھاياتلىق جەزىرىسىدىكى بىر ھارغىن
يولۇچى ئەمەس!
سەن، ئەرۋاھلار روھىغا سەدىقە قىلىنغان مۇ-
ناجات پىرىخونىمۇ ئەمەس!
تار، تىنجىق ھۇجراڭدىن كەڭرى ساماغا ئۇ-
چۇپ چىق كۆڭۈل قۇشۇم! ئۇندا سەيياھ شاماللار
بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز كۆيلىرىڭنىڭ تىلسىمىنى
يەشكىن، ئۆز ھۆرلۈكىڭنىڭ مەنىسىنى تاپقىن،
ئۆز شادلىقلىرىڭنىڭ مەڭگۈلۈك رىتىم - مېلودىيە-
سىنى ياراتقىن! سەن پەقەت ئۆزۈڭگە، ئۆزۈڭگە
ئوخشايدىغان نەرسىلەر بىخ سۈرگەن يېپيېڭى دۇنيا-
غا، قان - دىل يىپلىرى بىلەن چىگىلگەن مۇقەد-
دەس ھەم شېرىن رىشتىڭگىلا قەرزدار!



# قىسمەت ۋە يارالمىش

## 1

ئۆزۈمنى ۋاقىت سىرتىدىن ئۇزاققىچە تىڭ-
شاپ، ھېلىھەم قەلبىمدە پىنھان داۋام قىلىپ كې-
لىۋاتقان قان - ياشلىق چاقىرىقلىرىمغا تۇتاشقاند-
دىم.
كۆلۈپلا تۇراتتىمكى، يۇمشاقلا باقاتتىمكى، جىمى-
كى نەرسە سېنىڭ ئەشۇ ئېچىنىشلىق زارىڭنى ئۆز
قوينىغا يوشۇرۇپ ئالاتتى.
ناخشىلا ئېيتاتتىمكى، ئۇسسۇللا ئوينايتتىمكى،
ئاھ، ئەمدى باشقىچىلا بىر ئادەم ئىدىمكى. قۇترىغان
ھېس - ھاياجانلىرىمدا سېنى مەيدانغا تارتىپ چۈش-
كەن كۆچنىڭ سىماسى ئايان بولماقتا ئىدى.
... چەكسىز تۇز - دالا ھايات - ماماتلىق
جەڭگاھ ئىدى. ئىككى سەپ ئارىسىدا دەھشەت سال-
غان ھەق نىداھىمىدىن تەنلەر تىترەپ، سەپلەر داۋال-
غۇپ، ئىرادە تىغلىرى يانماقتا ئىدى. قويۇن مى-

سال ھەق نەرەڭدىن كۆزلەر چەكچىيىپ، سەيلەر بۆلۆنىپ، ئىرادە تىغلىرى سۇنماقتا ئىدى. ئېھ، ساھىپقىران، ئېھ، شاھىنشاھ، ئېھ، مەجنۇنانە دەرۋىش، سەن يەتتە ئىقلىم تەختىنىڭ ئەركىسى، پاسىبانى، قەھرى ھەم مېھرى ئەمەسمىدىڭ! ئەر-ئايال، ئوتلاق، چارۋا، شەھەر، سەھرا، بارچە ئالەم سېنىڭ تىنىقلىرىڭدا گۈلخان، سېنىڭ تىنىقلىرىڭدا پايخان، سېنىڭ تىنىقلىرىڭدا گۈل - گۈلىستان ئىدى.

پەسىللەر ئالدىرايتتى، تاڭ بىلەن نورۇز پەيتىدە توختاپ ئۇنىڭ يارقىن سائادىتىدە ئۇزاقىچە مەستخۇش ھەم سەرخۇش ئىدى.

ئەپسانىلەر ئۇچقۇر ئىدى، ئۇ ئالەمدىن بۇ ئالەمگە، تاڭدىن تۈنگە، تۈندىن تاڭغا يېتىپ قىسمەت ۋە يارالمىش ئېتەكلىرىدە مەڭگۈچىن ئىخلاسى بىلەن پىچىرلايتتى.

روھ كىرسىز ئىدى، قان ۋە نۇر ئېقىنلىرىدا يۇيۇنۇپ سېنىڭ نىدا ۋە نەرىلىرىڭنى بارچە ئالەم سەيناسىدا مىسلى ئۇز ھەم مىسلى زوقمەن بىر شەكىلدە نامايەن قىلغانىدى.

كۆمۈلمەيتتىڭ، ئۇزۇلمەيتتىڭ، يېقىلمايت-

تىنىڭ، خۇددى ئاخىرقى تىنىق تۇتاشقان بۆرە ئانى-
نىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ ھۇۋلاشلىرىدەك...

## 2

يارالمىش قىسمەت كۈچىدىن زوق ئالىدۇ، قىسمەت يارالمىش خاسىيىتىدىن توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ يۈرىكىنى داغلايدۇ. مەۋجۇدىيەت، شۇندىن كېيىنكى يېپيېڭى تەۋەللۇتىدا ئۇلارنىڭ مەنائىي سېھرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرىدۇ.

ئەنە، يىراقتا قالغان كۆز ئالدىمدىكى جەڭ-گاھ. ئۇنىڭ تىمتاسلىقىدا مۆجىزىسىمان بىر نارە-سىدىنىڭ سەكراتتىكى ئاداققى يىغىسى بۆرە ئىلاھى-نىڭ ھاياتىي ھۇۋلاشلىرىغا چىرماشتى. يوقلۇق دەشتىگە سىڭگەن قانلاردىن قىزىلگۈل بىخ سۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا ئوتقاشتەك يېلىنجاپ كەتتى.

قىزىلگۈل، ئېھ، مەيلىمنىڭ يالقۇنى!

ئۇ ئۆز يېلىنجاشلىرىغا تۆكۈلگەن كۈيلەردىن بۇلبۇل ناۋاسىنى تېپىۋالدى. سۆيگۈ، قۇرىماس ئې-قىنلارنىڭ قېرىماس دولقۇنلىرىغا مەڭگۈلۈك مىنى-گەشتى!

قوياش تاغ ئۆڭكۈرىدىن قايتا ئېتىلىپ چىققان سەھەردە ئالەم لەرزىگە كېلىپ، قىزىلگۈل شوخ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەندى. بۇلبۇلنىڭ چاك كەلتۈرۈپ ياقا يىرتىپ ناۋا قىلىشلىرى ئالدىدا تىللار تۇتۇلغان، تىنىقلار توختىغانىدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ ئۇزاققىچە ھەيۋەت دۈپۈرلەشلىرى نۇسرەتلىك سائادەت كۈنىدىن دېرەكلەر بەرمەكتە ئىدى...

## 3

ۋاقىت سىرتىدىن قايتىۋېتىپ قىزىلگۈل يېلىنجىغان باغلاردىن ئۇزاۋاتقان يىللار كارۋىنىنىڭ مۇڭلۇق قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، كۆزلىرىم باغلار جەزىرىسىدە چەكچەيدى!

غېرىبلىق كۆلەڭگىسى سەرسانە ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئېگىز ئاقباش تاغلاردىن قىزىلگۈل بەرگىگە سايە تاشلىغاندا، ۋاقىتسىز گۈگۈمدىن چۈشلەر ئويغاندى.

چۈشلەر — شېرىن ۋە ئارامبەخش چۈشلەر چەكسىزلىككە باش قويغان تىمتاسلىق ئېتەكلىرىدە ئۆزىنىڭ ساماۋى چۆچەكلىرىنى باشلىدى.

بۇلبۇل، كۇيلەش ئۇچۇنلا يارالغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ناۋالىرىدىن بۇنچە ئاچچىق پىغانلارنى سەزمىگەن بولاردىم.

ئېھ، بەرگىلىرى تۆكۈلۈۋاتقان قىزىلگۈل!

مەن ئاڭا چەكچەيگەن ھەيرانۇ ـ ھەس كۆزلىرىم بىلەن تىكىلىپ، كۇتۇشلەر مۇگدىكىدە تىمەتاسلىقتا ئەسىر بولۇپ كەتكەن ساناقسىز تۈنۈگۈنلەرگە يېلىنىپ قول سوزدۇم، قولۇم بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ قالدى، ئۇندىن سەرسانە بولۇپ قايتقان ئۆكسۈشلىرىم ئاڭلاندى. شاخلارنىڭ نامەلۇم پىنھانىدا بوغۇلغان بۇلبۇل ناۋاسى ساباللاردىن ھەريان چېچىلماقتا ئىدى.

مەن، چىن مۇھەببەتنىڭ ۋىسالسىز ئىشقىۋازلىقىغا تۇنجى قېتىم ئۆكۈندۈم!

**4**

كېچە بىلەن كۇندۇز بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتقانىدى.

كۇلرەڭ لىباس ئارتقان مەسۇم ۋاقىتنىڭ چېھرىدە سۇس شەپەق جۇلاسى ئۇيۇپ قالغانىدى.

كۆڭۈل زوقى ئىشقى پەرياتتىن نۇر ئىزدەپ
كوچا ـ كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرمەكتە ئىدى.
ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلدۇم، قۇپقۇرۇق تۈنۈ-
گۈنلەرنىڭ ئالايغان كۆزلىرى تومانلار چوڭقۇرلۇقى-
دا جىلمىيىپ تۇراتتى. رايىمنى ئىلكىمدىن شەپى-
سىز تارتىپ ئالغان ئىشقى قەسەملەرگە ئاغقان مەيۈ-
سانە نەزەرلىرىمدىن ئاچچىق خورسىنىش ئاستا ـ
ئاستا ئۆرلەپ چىقتى. شۇندىن كېيىن، خورسى-
نىشلار ئەۋجىدە تاشقىنلاپ قاقاسلىرىمنى سۇغار-
ماقتا ئىدىم ھەم يۇلتۇزسىمان ئۈمىدلەرگە كۆي
بېغىشلاپ سارغىيىپ بارماقتا ئىدىم.

قارا قويۇق تۇۋرۇكى بارغانچە ئۆسۈپ، بارغان-
چە كېڭەيمەكتە ئىدى. ئوت ئۇچقۇنى كۆرۈنمەيتتى،
چاقماقلاردىن، يامغۇر ـ يېشىنلاردىن تېخىمۇ خە-
ۋەر يوق ئىدى. قۇيۇن تۇۋرۇكى ئىچىدە پىرقىراپ
ئايلىنىپ توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ ئۇن سېلىپ
يىغلاشقا باشلىدىم. ئېھتىمال، يىغا شادلىق ئەۋجى-
دىكى كۈلكىلەر ئۇچۇن ھاقارەتتۇر، مەن چەكسىز
ھاقارەتلەندىم!

## 5

تاتارغان چىرايىمغا كۈلكىنىڭ چىرايلىق رەڭ-



www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئىزدەپ تونۇش بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوقالدىم. بۇلبۇلنىڭ تاڭ پەيتىدىكى يالقۇنلۇق ناۋا-سى، ئەسەبىي پەر - قانات قېقىشلىرى مېنى رەڭدار زارىقىشلىرى بىلەن يۇتۇپ كەتكەن شەھلا كۆزلەر-نىڭ قاراڭغۇلۇقىدىكى شۇ قەدەر ئاق، شۇ قەدەر پاك ھەم شۇ قەدەر ئىللىق تەنلىرى قوينىدىن بىھوش ھالەتتە تارتىپ چىقتى. مەن ئۇمىدلىرىمنى ئاھاڭ-داش يوللار خەيرلىكىگە، كۆيلىرىمنى قەدىناس رىتىملار دولقۇنىغا پىچىرلاپ دۇئا قىلىپ، ئۆزۈم-نى بۇلبۇل پەرۋازىغا قوشۇۋەتتىم.

## 6

كۆيلەر ئۇيۇقتا رەڭ تالاشماقتا ئىدى. ۋاقىت ئاستا - ئاستا كۈۋەجەپ قان رەڭگىگە كىرمەكتە ئىدى.

تۇنۇگۇننىڭ چېھرىدىكى ياش تامچىلىرىدا ھە-سەن - ھۈسەن جۇلاسى نامايەن بولماقتا ئىدى.

قىزىلگۈل، سۇكۇتلەرنىڭ يىرتىق كۆلەڭگى-سىگە مەھكەم چۈمكىنىپ، شالاڭ بەرگلىرىگە تۆ-كۈلۈپ تۇرغان ئىللىق نۇر يامغۇرىدىن تىترىمەكتە ئىدى.


بۇلبۇل، يۇلتۇزلار يۇرتىدىن تۆۋەن ناۋالىرىغا ھاياتىي سېھىر، ئىلاھى مادار تاپقاندى. مەن ئۇن-دىن ھەقلەر سىرى بولۇپ تۆرەلگەندىم…

## 7

كەل، ئەي سۆيۈملۈك قىسمەتلىرىم مەھكەم باغاشلا مېنى، يارالمىشمىغا سەندىن ئارتۇق دىلدار تېپىلماس ئەسلى!

… قىسمەتلەر تولغانغان سۇرلۇك تىمتاسلىق پىنھانلىرىدىن يارالمىش يېغلىرى دومىلاپ كېلى-دۇ. يېغىلار، تىرىكلىك كۆيلىرى سۆپىتىدە ئۈمىد پەيدا قىلىپ، يوقلۇق تەشۋىشىگە قارشى ئەبەدىي غالىپ تۇرىدۇ. مەن سۆيۈشلىرىمنىڭ لەززىتىدىن ساڭا ئاپچىق يېغا ئاتاپ بارىمەن…

كەل، ئەي سۆيۈملۈك قىسمەتلىرىم مەھكەم باغاشلا مېنى، يارالمىشمىغا سەندىن ئارتۇق دىلدار تېپىلماس ئەسلى!



# يىراقتىكى چاقىرىق

تەشۋىشلىك ئاقار يۇلتۇزلار ھېلىھەم كۆكتە جىمىرلاپ تۇرىدۇ.

خىيالىم تۈن نىسبىنى بويلاپ سېنىڭ رەڭدار چۈشلىرىڭنى ئاختۇرۇپ يۈرىدۇ.

كۈتۈشلەر يېشىل ئورماندىكى پىنھانە كەپىلە-رىگە قايتىپ، ھەۋەس بىلەن خۇپىيانە سۆھبەتكە چۈشتى.

ئېھ، يىراقتىكى نازىنىن دىلبەر، سېنىڭ چا-قىرىقلىرىڭ قەلبىمدە مەيىن دولقۇنلار ياساپ، مۇ-ھەببەتنىڭ ياپيېشىل قىرغاقلىرىغا دەمـمۇ - دەم ئۇرۇلىدۇ. مەن ئاشۇ سۈكۈت ئىچىدە ئىخلاس قىلى-مەن، تاكى ئۇ قەلبىمنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ مۇقەددەس جاكارغا ئايلانغانغا قەدەر!

سۆيگۈ ئۆيىگىدە ئىستىقامەت بىلەن دۇئالىرىڭ قېتىغا ئالغان پىنھان كۆڭۈل سىرىڭنى كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. ئۇ مېنىڭ دەس

تۇرغان ھەر بىر يېڭى سەھەرىمگە مۇيەسسەر بولىدى-
كەن، ئۇنىڭ بىلەن كۇتۇشنىڭ تىمتاس قاراڭغۇلۇ-
قىدىن يورۇپ سەھەر گۈلشەنىگە يېپيېڭى خۇشناۋا
ئاتىسامىكەن، دەپ ئارمان قىلىمەن. مانا، يىراق
بىر جايدا، جادۇگەر تۇللار ئەپسۇنىنى ياندۇرۇپ
ساڭا بەقۇۋۋەت تىكىلىمەن.

مىڭ شۇكرى، ئىستىقامەت بىلەن دىللار يو-
رۇيدۇ، ھەرىكەت بىلەن دىللار چېچەك ئاچىدۇ،
مېۋىزار باغلار ئۇنىڭ بالاغەت تەرىدىن ئالتۇن كۆزدە
بەھېساپ رەڭ ۋە نۇر چاقىدۇ.

سېنى بىر ئاللادىن سورايمەن! بۇ ھال، خۇد-
دى كۇتۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى ئۆيىگە نۇر
سوراپ كىرىشلىرىمگە ئاجايىپ ئوخشايدۇ. نۇر،
پاكلىق مىسالى مۇقەددەس دىل قۇياشىنى ئەسكە
سالىدۇ. سەن پەقەت ئاشۇ مۇقەددەس قۇياش ئاستى-
دىكى يارقىن سەھەردىلا يىراق پىنھاندىكى غايىپ
قەددىمنى كۆرەلەيسەن.

كېچىنىڭ كۈمۈش قوڭغۇرىقى چۈشلىرىڭدە
بىردىن جىرىڭلىغاندا، بىر مۇبارەك تاڭنىڭ سۈزۈك
جاكاسىنى ئاڭلايسەن. قەلبىم قەلبىڭگە ئاقىدۇ،
ساماۋى نۇر ئېقىنىدا بىرلىكتە قوشۇلۇپ، يوقلۇق

ئىلكىدە چەكسىز ئۇلۇغ بىر بارلىقنى بايقايمىز.
ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يىراق ئۇپۇققا ئىمان نۇردىن پارلىغان ئۈمىد شادلىقى بىلەن تىكىل! كېچىنىڭ جىمجىت سىناقلىرى ياش ئىرادەڭنىڭ جاسارىتىدە سالكىنىپ، ئەقلىڭنىڭ پاك قوللىرىدا سۇزۇلسۇن. ساڭا شېرىن مېۋىلىرىمنىڭ خاسىيەتلىك ئورۇقىنى ھەدىيە قىلىمەن. ئۇ چاقىرىقلىرىڭنىڭ ئالتۇن تۇپرىقىدا ئىخلاسلىرىڭدىن نۇر ئېمىپ بىخلانسۇن. دىدار دەملىرىدىكى زوقمەن يېشىللىق بۇ ئەقىدە كېچىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك شاھىدى بولۇپ قالسۇن!
تەشۋىشلىك ئاقار يۇلتۇزلار ھېلىھەم كۆكتە جىمىرلاپ تۇرىدۇ.
خىيالىم تۈن نىسبىنى بويلاپ سېنىڭ رەڭدار چۈشلىرىڭنى ئاختۇرۇپ يۈرىدۇ.
كۈتۈشلەر يېشىل ئورماندىكى پىنھانە كەپىلىرىدىن چىقىپ، چوڭ يول بويىدا تەق بولۇپ تۇرۇشتى.
يىراقتىكى قەدىناس چاقىرىقلىرىڭ يىراقتىكى قەدىناس چاقىرىقلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ ئارىدىكى سۈرۈن بوشلۇقنى ئاللىبۇرۇن بەربات قىلدى.

قەلبىمدە ھەم قەلبىڭدە ئۆركەشلىگەن نۇر قىيانى يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان قوشلار ناۋاسى بىلەن بىرگە، ئېھتىمال مۇبارەك سۆيگۈ سەھەرنىڭ ئالتۇن ئىشىكىنى چەكتى...



www.uyghurkitap.com

# سۆيگۈ ھارپىسى

ساشا جان ئېقىنىمدىن ئۇزاقتىچە ئېتىلىپ، چاشقىغان قىرغاقلىرىڭنى مەستخۇش دولقۇنلىرىم بىلەن سۆيۈپ يۈرەتتىم.

يىراقتا ئىدىم، ئەمما تۇيغۇلىرىم سېنى تولۇ- قۇڭ بىلەن ئۆزىگە سىغدۇرۇپ تۇراتتى ھەمدە ھەر سەھەرنىڭ يارقىن نۇرىغا قوشۇلۇپ تىنىق كۆزلە- رىڭگە قانغىچە چۆمۈلۈپ قايتىپ كېلەتتى.

تەنھا ئىدىم، بارچە ئاشا كۆنۈككەنىدى.

تەنھا ئىدىم، ئەمما بارچىنىڭ كۆنۈكىشلىرىگە قارشى ھالدا پاك ئۈمىدىڭگە باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئاپ- ئاق نۇرىدا جىمىكى غەلە - غەشلەرنى يۇيۇپ تۇراتت- تىم.

تەنھا ئىدىم، كېچەڭ بىلەن كۈندۈزىڭنىڭ ئا- رىسىدا ۋاقىت كارۋانلىرى بىلەن خۇپىيانە سىردى- شىپ ساخاۋەتلىك سۆيگۈ سەھەرىنىڭ تىلسىمىنى يېشىپ باراتتىم.

تەنها ئىدىم، ئەمما سېنىڭ بۇ دۇنيادا مېنىڭ بىلەن بىرگە زاھىرلىقىڭدىن بەختىيار، ئامەتلىك ئىدىم...

چاقىرغۇمنىڭ رىتىملىق سىگنالى سېنىڭ مېنى چاقىرغان قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىڭنى ئەسلەتەتتى. تېلېفون سىمىدىن ئېقىپ كەلگەن ئاتەش تىنىقلىرىڭ يۈرىكىمدە كۆيگەن مەڭگۈلۈك ئوتنىڭ يالقۇنىنى ھېس قىلدۇراتتى. قۇلىقىمنى تېلېفوننىڭ ئاتەش لەۋلىرىگە يېقىپ ھاياجان بىلەن زەن سېلىشلىرىمدا، دۇنيا تامام ئۇنتۇلۇپ باغرىڭغا سىڭىپلا كېتەتتىم.

خەتلىرىڭنىڭ ھەر بىر قۇرىدا نازلىنىپ، ئەركىلەپ جېنىمنى ئالقىنىڭغا ئالاتتىڭ ھەمدە كۆز ئالدىمدا ئۇزاققىچە ئۆچمەيدىغان سۆيۈملۈك ئوبرازىڭنى سىزىپ باراتتىڭ.

سۈرىتىڭ ئۈستىلىمدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ خۇددى مېنى بارچە گۇناھلاردىن ئاسرىغۇچى ئىلاھىي مەبۇد ئىدى. چىرايىڭدىن تېشىپ چەكسىز ئالەمگە يېيىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار تەبەسسۇمىڭ ئالدىدا ئېپتىخارلىنىپ روھىم بۇلاقلىرىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلاتتى ھەمدە ياشاشنىڭ ماكان - زامان ھالقىغان

ئوتتەك قىزغىن ئىشتىياقىدا جۇشقۇن پەرۋازلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم...

مانا بۇ سۆيگۈ ھارپىسى ئىدى، ئېچىرقىغان ئىدىم، ماڭا ئۆز قوينۇڭدىكى ئادىمىزات ئايىقى تەگمىگەن ئارامبەخش يۇمران چىمەنىڭدىن ئورۇن بېرىپ روھىمنى تىنچلاندۇردۇڭ، شېرىنلىك سېزىمى ئىچىدە جەبرى - جاپالىرىم شەكلىنى يوقۇتۇپ ئۇنتۇلدى، سەن ئۇچۇن يېپيېڭى بىر مەڭگۈلۈك ئادەمگە ئايلاندىم. سېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ قارشى قىرغاقتىن ئۇرۇلغان مەيىن شامالدەك يېقىشچان نەپەسلىرىڭ بىلەن پارچىلانغان خىياللىرىم پۈتۈنلەندى، يارىتىش ئىشتىياقىم ئەسەبىي بىر ھالەتتە ئىدراكلىرىمنى قوزغاتتى. ئېھ، نىگارا، ئەمدى سېنى ئۆزۈمگە قېتىپ، ئىككى دۇنيانىڭ قاياشلىق بەھرىدە تېخىمۇ زورىيىمەن ھەم بۇ پادىشاھلىقنىڭ خاقانى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىمەن!

قارا، باغرىمدىكى ساھىبجامال، ئامەت بىلەن قىسمەتنىڭ قوشكېزەكلىكى ئۆتكەنكى دۇنيانىڭ ئەپسانىسى ئەمەس. ھەممە نەرسە بىز بىلەن ئادەملەر ئارىسىدا ئارتىپ بېرىۋاتقان پەرقتە زاھىر بولماقتا.

www.uyghurkitap.com

قىسمەت، ئامەتكە قارشى كۈچنىڭ غەلىبىسى بولسا، ئۇ هالدا يېنىمدا، يېنىمدىكى بۇ چەكچىۋولار سەپتە بەرقارار تۇر. تەنهالىقىمغا، ۋەتەنسىز پادىشاھلىقىمغا كۆنۈككەن ئادەملەر ئۇزاقتا قالمايلا ئۇسرەتلىرىمدىن ئويغىنىدۇ ھەمدە ئاڭا قارشى ئۇزاقتا سوزۇلغان هايات ـ ماماتلىق سەپلەر تۈزىدۇ.


سېنىمۇ ئۆزۈم بىلەن بىرگە بۇ بالايى ـ ئاپەتلەر ئىچىگە سۆرەپ كىرگىنىمگە ئازابلىنىشىم كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ئادەملەرنىڭ زۇۋانسىز جىمجىت قارىشىپ تۇرۇشقىنىنى، ئۆز ـ ئۆزىگە مۇھتاجەن جىددىي سىلكىنىپ ئەس ـ هوشىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرلەپ چېكىنىپ بۇ ئىشلار ئۇچۇن تووۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇۋاتقانلىقىنى بايقىغىن!

بۇ كۆرۈنىشلەر سېنى زوقلاندۇرمامدۇ، ئامرىقىم! ؟

ئۇلار مەغلۇب بولغان قوشۇنىنىڭ ئاقساق ـ چولاق چىرىكلىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ نە چەۋەندازـ سەركەردىسى، نە كارامەتلىك ئەۋلىياسى بولسۇن! ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ بىچارە ۋە ئاۋارە قۇللىرى، ئەڭ رايىش ۋە ئىتائەتمەن مۇغەمبەرلىد-

رى، ئەڭ شەرمەندە مەغلۇبىيەتچىلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلاردىن قەھرىماننىڭ جەڭگىۋار ساداسى ئەمەس، بەلكى غەيۋەتخور تۇلخوتۇنلارنىڭ ئۆي - ئۆيلەرگە غەشلىك تارانقۇچى بىچارە شىكايەتلىرى ئاڭلىنىدۇ.

بولدىلا، نۇر ئوقيايىڭنىڭ كىرىچىنى ئاستا قويۇۋەت. ئۇلار، قاندا تاۋلىنىپ نۇردا سۇغۇرۇلغان بۇ ئوقلار ئۇچۇن ئەرزىمەيدۇ. كۇچىنىپ نەپەس ئال، شامالللار ئارا سەرسان ئۇچۇپ يۇرگەن ئەركىنلىك ئىلاھى بىزنىڭ بىر پۇتۇن ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتسۇن. ئاۋازىڭنى قويۇۋىتىپ، تاغ ئۆڭكۇرىدە بىمەھەل ئۇيقۇغا كەتكەن قۇياشنى چاقىرغىن، نۇر يامغۇرىدا قىپقىزىل تاۋلانغان جىمىكى ئالەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىزنى مۇبارەكلىسۇن ھەم بىزنىڭ ئىشقى خىتابلىرىمىزدىن ھاياجانغا تولسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىراق بىر جايدا[1]

## 1

يىراق بىر جايدا ھىلىھەم روھىڭنىڭ ئىپتىخارىغا تەلپۈنۈپ، قەلبىمنىڭ پىنھان شىۋىرلاشلىرى بىلەن سۆكۈتلىرىڭگە قايتىمەن.

سۆكۈتلىرىڭ ياز ئاخشىمىنىڭ ئىلھامبەخش ساپ كۆيىگە ئوخشاش جانلىرىمنىڭ گۈلشەن دالاسىغا تارايدۇ. مەن ئاڭا سىغىنىشلىرىمنىڭ ئاپئاق نۇرىنى تولۇنئاي مىسالى تۆكۈپ، بالىلىرىڭنىڭ قايناق توپىدا قايتا روھ ئىزدەپ ئاداققىچە يۈرگۈم كېلىدۇ.

روھ ئىزدەش... ئاھ، بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ باشلىنىش ئىدى — ھە! ياپيېشىل سەھرالارنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىنى تىڭشاپ ئۆزۈم چىققان سەھەرنىڭ يارقىن چاقىرىقلىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم. تەبىئەت-

---

[1] ئانا يۇرتۇم كېرىيىدىكى قەدىردان ئۇستازلارغا بېغىشلايمەن.

نىڭ جىسمىدا ئۆز جىسمىمنىڭ بارىنى، ئۇنىڭ روھىدا ئۆز روھىمنىڭ قىيانىنى ئىدراكلاپ ئادەم-لىك ئۇلۇغلۇقىنىڭ چەكسىز چىنلىقىغا سىڭىپلا كې-تەتتىم. تارىخنىڭ ئىستىكى، ئەشۇ يىللارنىڭ زوق - شوخى ۋە كېلىچەكنىڭ قايناق ئۇمىدلىرى ئارا قىيانلار ياساپ، ئۇپۇقلىرىم سىرتىدىكى ئىككىنچى دۇنيانىڭ ئىشىكىنى چېكەتتىم...

ئېھ، يىراقتىكى دۇنيا، يىراقتىكى سۇكۇت، يىراقتىكى رۇخسار، سەن بالىلىق تۇنلىرىنىڭ چە-رىقى، بالىلىق قەلبىنىڭ سەھىرى، بالىلىق پەرۋا-زىنىڭ بىپايان ساماسى ئەمەسمۇ!؟

## 2

يىراق بىر جايدا ھېلىھەم روھىڭنىڭ ئىپتىخا-رىغا تەلپۈنۈپ، قەلبىمنىڭ پىنھان شىۋىرلاشلىرى بىلەن سۇكۇتلىرىڭگە قايتىمەن.

ھەر سەھەر ئۇپۇق قىزارغان دەملەردە سېنىڭ ئەسلى رەڭگى - رۇخسارىڭنى كۆرگەندەك بولى-مەن. ئاڭا قىزغىن دۇئا - سالاملار قىلغىنىمدا، قەلبىم ئۇپۇقىدىن تېشىپ چىقىپ سەن سۆزلەپ

كەلگەن كائىناتنىڭ پۈتكۈل تىلسىمىغا يېيىلىمەن.
ھالقىش، ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىش بەختى... ئۇ ئىھتىمال سىنىڭ بىر ئۆمۈر ئەستىن چىقىرالمايدىغان ئەڭ سۈزۈك چۈشلىرىڭدۇر، ئىھتىمال مېنىڭدىكى، ماڭا ئوخشاش رىشتىڭگە ئۆتكۈزۈلگەن تالاي جان مارجانلىرىڭدىكى زاھىر ئىجادىيىتىڭدۇر!

3

يىراق بىر جايدا ھېلىھەم روھىڭنىڭ ئىپتىخارىغا تەلپۈنىپ، قەلبىمنىڭ پىنھان شىۋىرلاشلىرى بىلەن سۆكۈتلىرىڭگە قايتىمەن.
ئەنە، كېسىلگەن ئۈرۈك شاخلىرىدا ئىسلىپ تۇرىمەن، ئۈزۈلگەن يوللار چېكىدە سوزۇلۇپ ياتىمەن، ئۈزىغان سۆرەن – چوقانلار كەينىدە ياش تۆكۈپ بارىمەن. كۆزۈڭدە ھەم كۆزۈمدە چاقنىغان ئارمانلار ئەۋجىدە دولقۇنلار يېرىپ، باسقۇسى مەنزىل تاڭلىرى ئارا قۇياشتەك پارلاپ تۇرىمەن!
سۆكۈتلىرىڭ، ياق، ئۆتكۈنچى يىللارنىڭ رەڭدار خاتىرىسى سىنىڭ مۇقەددەس ئابىدەڭنى ئاللىبۇرۇن قەلبىم ئۆيلىرىگە تىكلىدى، سېنى كېلى-

چەكنىڭ نۇرلۇق سەھىرىدىن ئېپتىخارلىنىپ چاقىـ
ـرىمەن. سەن روھلار ماكانى، سەن جانلار ئارامى،
سەن ئارزۇلار گۈلىستانى، بالىلىق چۆللىرىنىڭ
قايناپ تۇرغان مۆجىزىكار بۇلاقلىرىسەن.

يىراق بىر جايدا ھېلىھەم روھىڭنىڭ ئېپتىخاـ
رىغا تەلپۈنىپ، قەلبىمنىڭ پىنھان شىۋىرلاشلىرى
بىلەن سۈكۈتلىرىڭگە قايتىمەن...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆتۈنۈش

كۆڭۈل ئۆزىنىڭ ياشلىق ساھىلىدا ھەيۋەت بىر ئېتىقاد سارىيىنى قۇرۇپ سىرلار چوڭقۇرىغا شۇڭغۇدى ھەمدە بارلىق بىلەن يوقلۇق ئارىسىدا ۋەزمىن قانات قېقىپ كۈلۈمسىرىدى. ھەقىقەتلەر خىتابى ئۇنىڭ ھېكمەت كۈيلىرىدە مەزمۇن تېپىپ سۇزۇلىشكە باشلىغان چاغلاردا، ئىشىكنىڭ نازۇك چېكىلگەن زىلگىنە ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەي كۆڭۈل، ساڭا ئۇمىدۋار تىكىپ تۇرغان ئۇ پىداكار قىزنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىۋال. ئۇنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى قۇياش نۇرىدەك نازۇك تىترەشلىرىدىن تەنىنىڭ قاباھەتلىك ئۆيىدىن قېچىپ چىققانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز نۇرى قاراڭغۇ كېچىلىرىڭدە يۇلتۇز بولۇپ چاقنىسۇن، ئۇنىڭ كۆز يېشى قاغجىرىغان تۇپراقلىرىڭدا گۈل - غۇنچىلار ئېچىلدۇرسۇن. بۇ، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىپ، چىرىگەن ۋاقىت خازانلىرى

ئارىسىغا تىرىك كۆمۈۋەتكىنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە
ياخشى ئەمەسمۇ!

ئەي كۆڭۈل، ساڭا ئۇمىدۋار تىكىلىپ تۇرغان
ئۇ خۇشناۋا قىزنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىۋال!

ئۇنىڭ ئىشتىياق بىلەن ئېچىلغان كىچىككىنە
ئېغىزلىرىدىن ئاجايىپ جەزبىدار شېرىن كۈيلەرنىڭ
تۆكۈلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشناۋا-
سى جىمجىت دالىلىرىڭغا زوقمەنلىك ئاتا قىلىپ
قىسىلغان سەزگۈلىرىڭنى يۇمشاق ئەركىلىتىپ بار-
سۇن. ئۆتكۈنچى قۇنالغۇڭدىن چىققان دەملەردە،
ئېھتىمال ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جۆر بولۇپ يېڭى
تاڭنىڭ يارقىن يوللىرىغا ئەڭ مۇقەددەس تىلسىم
كۈيلەرنى تۆكەرسەن. بۇ، ئۇنى تەنها قالدۇرۇپ
ساراسىمىگە سالغىنىڭدىن، ئىلھامدار قاناتلىرىدىن
ئايرىپ مەھكۇملۇققا مەجرۇھ تاشلاپ كەتكىنىڭدىن
مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئەمەسمۇ!

ئەي كۆڭۈل، ساڭا ئۇمىدۋار تىكىلىپ تۇرغان
ئۇ گۈل سۈپەت قىزنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلى-
ۋال!

ئۇنىڭ غۇنچە بويلىرىدىن ھويلاڭدىكى توپ -
توپ قىزىلگۈللەرنىڭ مەست قىلغۇچى شېرىن خۇش

پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سېنىڭ پايانسىز گۈللەرلە-
قىڭدا ئەركىن بوي تارتىپ ئېچىلسۇن ۋە پاكى[illegible]
ئەڭ گۈزەل ۋىسال پەيتىدە ئۆز تورالغۇسىغا قاي-
تىپ، ئۇندا مەڭگۈلۈك سائادەتنىڭ يىپپىيىگى ئالتۇن
بەتلىرىنى ئاچسۇن. بۇ، ئۇنى پەرۋىشلىرىڭدىن ئاي-
رىپ تاشلاپ، ھايات جۇدۇنلىرىدا خازان قىلىپ
سورۇۋەتكىنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئەمەسمۇ!

ئەي كۆڭۈل، تەنھالىقنىڭ پىغانى چېكىنگە يەت-
سە، ئېھتىمال دۇنيا ئۇنىڭ چاقماقلىرى ئاستىدا
گۇمران بولىدۇ ياكى ئۇ، دۇنيانىڭ رەڭلىرىنى
ئاچچىق كۆز ياشلىرى بىلەن پاكپاكىز يۇيۇپ تاشلاپ
يوقلۇق دەشتىگە مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدۇ. ئېھ-
تىمال ئۇ يەنە ئۆز تورالغۇسىغا مەيۇسانە ھالدا قاي-
تىپ بېرىپ، ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر قايناملى-
رى ئارا تەننىڭ شېرىن ھەم قاباھەتلىك چۈشلىرىگە
بىر - بىرلەپ سىڭىپ كېتىدۇ...

مانا، ئېقىنلىرىڭ ئۆركەش ياسىدى، ئۇچار
قاناتلىرىڭ شادلىنىپ شوخ سايرىدى، قەۋەت - قە-
ۋەت ئىمارەتلىرىڭدىن ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ زىل
ئاۋازى ئاڭلاندى، كۆك سەتھىگە توپ - توپ بولۇپ
ئۇيۇشقان جىلۋىگەر يۇلتۇزلار زوق بىلەن نۇر -

يورۇقلۇق تارقاتتى، تاشلاندۇق چۆل ـ جەزىرىلە-
رىڭدىن ھۇۋلىغان ياۋا ئاۋازلار دەھشەت سىپلىشقا
باشلىدى.

يىگانە ئالەم ئۆز يوقلۇقلىرىدا پىغان چېكىدۇ.

ئېتىقادنىڭ پولات زەنجىرىدىن ئەركىنلىكنىڭ
ئىسسىق قېنى ئاقىدۇ.

ياشلانمىغان رۇخسار كۆكلەم پەسلىگە قار ـ
مۇز تۆكۇدۇ.

كېچە بىلەن كۇندۇز ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئىس-
پاتلاپ مەۋھۇم ھەرىكەتنى كۆڭۇل خانىلىرى ئارا
روھقا ئايلاندۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن، كۆڭۇلنىڭ
مۇقەددەسلىكى ئايان بولۇپ، سىرلار چوڭقۇرىدىن
نۇر بېرىدۇ.

ئەي كۆڭۇل، ئالدىڭدىكى ئۇ جۇلالىق نۇرغا
كۇلۇمسىرەپ تىكىل! جان گۇللىرى جۇپ — جۇپ
يەلپۈنۈپ ھەقىقىي چىن ياشلىق سائادىتىگە گۇۋاھ
بولسۇن. كۇلۇمسىرەش — ئىككى ئالەم پاسىلىنىڭ
غايەت زور تاش قورغانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇ-
نىڭ چەكسىزلىكىگە تاراپ كەتسۇن! ئادەمنىڭ ھەق-
قى ئالەمنىڭ ھەققىدە كېڭىيىپ مۆجىزىلەر تاشقى-
نىدىن پۈتۈنلۈك ئابىدىلىرى تىكلىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تەنها بوۋقا

ئۆزۈڭگە سىغماي، قۇتربغان بوۋقىغا ئوخشاش ئۆزۈڭنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشلىرىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

يېتىلدىڭ، ئەي تەنها بوۋقا، سېنى ئارامسىزلاندۇرغان نەرسە ئۆزۈڭنى ھەم دۇنيانى قايتىدىن يارىتىدىغان نەرسىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

پەيت كەلدى، پارچىلىنىپ زەررە ـ زەررە چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ياكى تەمەننا يۇزىسىدىن ھايۋانىي ئىشققا قول بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆمۈرلۈك نىشانىڭنى تاللىۋال.

مانا، شەكلىڭ ئىچىدە ئېقىۋاتقان ھەيۋەت تۇيغۇلارنى، چېقىۋاتقان دەھشەت گۈلدۈرماما ـ چاقماقلارنى، يېڭى ئۇپۇق سىماسىنى سۇرەتلەپ بەرگۈچى قايناق رەڭلەر جۇلاسىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن!

ۋاقىت ئالدىرايدۇ، خۇددى سېنىڭ تاشقىنلىق

ھالىڭغا ئوخشاش پەسىللەر ئۆنى ئۆزىگە چىللايدۇ، كۆرۈنمەس يىپ بىلەن ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

ۋاقىت بىلەن نۇسرەت قۇچۇش پەسىللەر ئارزۇسى، پەسىل بىلەن نۇسرەت قۇچۇش سېنىڭ ھەم ئادىمىيلىكىنىڭ ئارزۇسى ئەمەسمۇ!

سەھەر پەيتىنىڭ ئابىي شەبنىمى چۇشكە بارغاندا پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، چاڭقىغان گىياھلاردا ئۇيقۇ ۋە ئېغىر خىيال ھۆكۈم سۈرىدۇ.

گۇگۇمغا ئۇمىد باغلىما، ئۇ چاغ ئۇ يەردە بەختسىز ئادەملەرنىڭ نادامەتلىرى مېڭەڭنى قوچۇۋېتىدۇ. ساڭا نىسىپ بولىدىغىنى نۇسرەت قۇچقان ساماۋى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتىش، ئەسلىھە يۈكىدىن ئاھ ئۇرۇپ پارچىلىنىش، ئۇيقۇ ۋە چۈشنىڭ شېرىن ئەللىيىگە ئىختىيارسىز باش قويۇپ ئۆلۈم ساھىلىغا يېقىنلىشىش بولىدۇ.

زېمىنىنىڭ ئۇلۇغ ھەم مۇبارەك تەۋەللۇتىسەن!

ھاياتىڭ بىلەن ماماتىڭنى سېخىيلىق بىلەن ئىلكىڭگە تۇتقۇزغان دۇنيا سېنىڭمۇ ئۆز ئالدىڭغا يېگانە بىر دۇنيا بولۇپ ھەيۋەت پارلىشىڭنى، ئۆزگىچە ئۇلۇغ بىر سىماھ بولۇپ قايتىپ كېلىشىڭنى سەمىمىي ئۇمىد قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ بۇ ئاۋازسىز، كەمتەر، ئالىيجاناب ئۈمىدىگە قۇلاق سال، ئۇنىڭ جەريانىدا بارلىق قاشا- قوتانلاردىن بۆسۈپ، ھالقىپ كەتكەن ياۋايى بۇقىغا ئايلان! سېنىڭ بىپايان يايلىقىڭ سېنى باش- لاپ ماڭغان تۇيغۇلىرىڭ ئىچىدە يايپىشىل ئوت- چۆپلەرنى مەيىن يەلپۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ...



# سوۋغا

چاقناشلىرىمغا تىكىلىپ سىنى ئۆزاققىچە خىد-
يال قىلىمەن، كۆز ئالدىمدا تەنهالىقىنىڭ ئايان بولى-
دۇ.

ئۆزۈمدىن بىرەر سىمۋولغا ئىرىشسەم، ئۇنى
تەنهالىقىمغا سوۋغا قىلىۋېتىپ ئارامىمىنىڭ پۈتۈن-
سۇرۇك چىنلىقىغا قايتىپ كەتكۈم كېلىدۇ.

پارچىلىنىش ئېھتىياجى قەدەمدە بىر دولقۇن
ياساپ گۈزەل ئىستەكنىڭ چاڭقىغان قىرغاقلىرىغا
شىددەتلىك ئۇرۇلىدۇ.

چاقىرىقلار سەھەرنىڭ سۇلغۇن كۆزلىرىدىن
تۆكۈلۈپ سايلىرىمدا ئاجايىپ ھەيۋەت تاشقىن ھا-
سىل قىلىدۇ. ساھىللاردا قوغلىشىپ ئويناپ يۈر-
گەن يالىڭاچ بالىلارنىڭ كەپسىز قىلىقىدىن كەيپىڭ
ئۇچۇپ جىمجىت خانەڭگە قايتىپ كېتىسەن، يۈرد-
كىڭنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى
يىراققا سوزۇلۇۋاتقان پىنهان ئويلىرىڭنى ئۈزۈپ

قويدۇ...

گۈگۈم پەرىسىنىڭ ئىلھامدار لەرزان ئۇسسۇل-لى ئارزۇ گۈلىستانىدا ئەۋجىگە چىقىپ، شېرىن چۈشلەرنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭشىتى-دۇ.

تەنها خانىگىدە، چاقناشلىرىڭدىن پاكىز يۇيۇ-نۇپ قەلبىڭنىڭ پىنهان چىغىر يوللىرىغا تىكىلىپ ئولتۇرىسەن. يېقىن بىر يەردىن شەمشەر تۇتقان مەجنۇن ئادەم سىماسىدا كۆرۈنىمەن، ئېچىرقىغان قەلبىڭ تەشۋىش ئارا ئىگىلىپ سالام بېرىدۇ. چۈش-تىن ھالقىغان ئاجايىپ سىرلىق هايات ئەۋجى باش-لىنىدۇ.

ئېھ، يىراقتىكى ۋەتەن!

تۇنەشلىرىمنىڭ شېرىنلىكى قەلبىڭنىڭ ئوت-لۇق كۆيىگە ئايلىنىپ نىگاھلىرىڭغا زوقمەنلىك ئاتا قىلىدۇ، بارچىدىن ھالقىغان جان ئېقىنىدا مەست-خۇش ئاقىمىز.

سەھەرنىڭ مۇزلىغان يېشى جان تەبەسسۇمىدا ئېرىپ نۇر يامغۇرى مىسال گىياھلىرىڭنىڭ بەرگى-گە قونىدۇ، بارچىدىن ئۇستۇن سائادەتنىڭ سىرلىق ئوتىدا گۈلخان بولۇپ كۆيۈمىز...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چاقناشلىرىمغا تىكىلىپ سېنى ئۆزاقىچە خى-
يال قىلىمەن، كۆز ئالدىمدا بىر جۈپ ئاپئاق گۆ-
ھەر تاش جۇلاسى ئايان بولىدۇ.
بىر جۈپ ئاپئاق گۆھەر تاش، بىر - بىرىگە
ئوخشاش ھەم تۇتاش، سىمۇولىدىكى كەڭلىكتە تاش-
قىنلايدۇ بىر جۈپ قوشماق ياش.
بىر جۈپ ئاپئاق گۆھەر تاش، گۇگۇمىمدا
چاقنىغان، سەھەرىڭدە پارلىغان ئەشۇ ئىللىق يۇل-
تۇز ھەم قۇياش.
بىر جۈپ ئاپئاق گۆھەر تاش، مەندىن ساڭا
سوۋغا بولسۇن، گۇگۇملىرىڭغا جۇدالىقتىن توسۇل-
غان نۇرنىڭ ئەسلى رۇخسارىنى ئايان قىلسۇن.
بىر جۈپ ئاپئاق گۆھەر تاش، ئاڭا ئىشقىڭنىڭ
غورۇرىدا تىكىلىپ قاراۋەر، قەلبىم تاكى قەلبىڭگە
ئايلىنىپ تەنھالىقىڭ پىنھان قالغانغا قەدەر!
بىر جۈپ ئاپئاق گۆھەر تاش، بىر - بىرىگە
ئوخشاش ھەم تۇتاش، سىمۇولىدىكى كەڭلىكتە تاش-
قىنلايدۇ ئىككى ئالەم — ئىككى ئوتلۇق ياش...



# كەچ لىرىكىسى

كەچكى شەپەق ئۆيگە قايتىش ھوزۇرىدا چەك-
سىز ھاياجانغا چۆمگەنىدى.
ئاق قۇشقاچلارنىڭ شاخلار ئارىسىدىكى شوخ
چورۇقلاشلىرى بۇ ھاياجان دەملىرىگە جۆر بولۇپ
كۈي قاتماقتا ئىدى.
تېلېفون سىملىرىمۇ بىردىنلا تىترەپ، ئۇنىڭ
يۈرەك تومۇرلىرىدا شېرىن ھىسلار ئېقىنى تولغى-
نىپ ئېقىشقا باشلىدى.
ئۆيگە قايتىش يولىدىكى ئادەملەر توپى ۋەھىمى-
لىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ، ئارامبەخش ئۆي جەن-
نىتىنىڭ نۇرانە سىماسىنى سىزماقتا ئىدى.
كەچ كىرىپ قالدى، ئالەم جىمجىتلىق ئىچىدە
كۈۋەجەپ سىرلىق ۋەھىلەر بىلەن قاپلاندى. يۈگ-
رۈك ئاتلارنىڭ پەيلىمۇ ھەم بوشاپ، ئاستا - ئاستا
يەم - بوغۇزغا تۇتۇندى.
كەچ كىرىپ قالدى، كۆڭۈل ئەسلىمە بىلەن

خىيال ئـارىلىقـىدا چېـپـىپ ئـاخـىرقـى كۆ-
چىدىن قالدى…

قارا، ئېھ، قەدىردان، مېنىڭ قاراڭغۇ ئور-
ماندىكى يېگانە كەپەمدە نۇر جۇلاسى كۆرۈندۈ،
ئېھتىمال، بۇگۈن قۇياش ئۇ يەردە تۇنەپ قالدى!
كەچ كىرىپ قالدى، يۇر، بىز بىرلىكتە ئۆيگە
قايتىپ، قۇياشتىن تارىخنىڭ ئاپئاق چېدىرىدىكى
قۇياش ئىلاھى — مېترا[1]نىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلاي-
لى. ۋۇجۇدىمىز پاكلىنىپ نۇر - زىياغا سېغىن-
سۇن، ئۆتمۇش بىلەن كېلىچەكنىڭ ۋاقىت دەشتى-
دىكى گۇلخانلىرى بۇ ئۇزاق تۇن قاراڭغۇلۇقىنى
يورۇتسۇن!

كەچ كىرىپ قالدى، بىزنىڭ سۆزلىرىمىز ئو-
چۇق دالادىكى ياڭراق ساداسىنى يوقىتىپ، جىم-
جىت كائىناتنىڭ شەكىلسىز مەۋجلەنگەن كەڭ ھەم
چوڭقۇر مەزمۇنلىرىغا تۇتاشتى.

مانا، بىز بىرگە يۇغۇرۇلۇپ، بىر پۈتۈنلۈكتە
يەككە شەكلىمىزنى ئەستىن چىقاردۇق. قەلب -
قېنىمىزدا شېرىن ئۆركەشلەر ياساپ تىلسىز سۆھ-


---

① مېترا - ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدىكى قۇياش ئىلاھى، ئۇ يەنە مەرگەن تەڭرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس دەملىرىنى ئىلكىڭىزگە ئالدۇق!

كەچ كىرىپ قالدى، كۆزلىرىمىز تېلىپ ھەممىنىڭ بىر - بىرلەپ ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقانلىقى بىلىندى. تەشۋىش بىلەن ئۈمىد ئارىلىقىدا ئويچان ئولتۇرۇپ، تەنىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى يۇلتۇزلۇق بوشلۇققا تىكىلدۇق. مۆجىزە تۇغۇلماقتا، كۆك نۇر ئۇچقۇنلىرى بىر ئىلاھى مەبۇدىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدىن شىددەتلىك تاشماقتا ئىدى...

كېلىڭلار، سۆيۈملۈك ئۇيقۇ - چۈش پەرىلىرى، ۋۇجۇدىمىز ئارام ۋە زوق مەستخۇشلۇقىدا سىلكىنىپ، يېڭى تاڭنىڭ تەۋەللۇت ئەسناسىدا يېپيېڭى شەكىللەرگە كىرسۇن! ياڭراق ئەكس سادايىمىز مەنزىل بويلىغان ئويناق ئېقىنلارنىڭ يۈرىكىدە ۋىسال تېپىپ، قاقاس خىلۋەت ئېتەكلىرىنىڭ يېڭى بىخ - چۆپلىرىنى يەلپۈتۈپ، ئەركىلىتىپ بارسۇن!



# ئۇچرىشىش ئەسنالىرى

مەن ئالدىرايمەن، ئۇچرىشىش ئىشتىياقى قەل-بىمگە زوقمەنلىك ئاتا قىلىپ قەدەملىرىمنى يېنىك ئېلىپ ماڭىدۇ. قارىسى كۆرۈنمەيدىغان نامەلۇم-لۇقلار ئىچىدىكى نامەلۇم بىر ئىمكانغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ غايىۋى رىشتىسىدە لالمەن تارتىلىپ بارد-مەن.

مەن ئالدىرايمەن، تونۇگۇننىڭ جۇلدۇر كې-پەنلىرىنى كىيىپ، چىرىگەن ۋاقىت خازانلىرى ئا-رىسىدا ئاپئاق چاقماقتاش تېرىپ يۇرۇشكە رايىم يوق. قەلبىم چوغدانلىرى سەھەر قۇياشىدەك لاۋۇل-دايدۇ، ئۇندىكى پۇتمەس ھايات يانغىنىنىڭ سېھرى كارامەتلىرى ئەتىنىڭ پىنھان ئىمكانىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

مەن ئالدىرايمەن، سەۋەبلەرنىڭ لالىرەك ھۇج-رىسىدا بىر نۇرسىياق دىلرەبا سۇكۇتلۇك نازغىپ ئولتۇرىدۇ. ۋىسال ئېقىنىنىڭ مۇز قاتمىسىدا يەل-

كىنى چىقىرىلمىغان چىرايلىق بىر كېمە قىيسىيىپ ياتىدۇ. مەنزىل قىرغاقلىرى كۆلرەڭ تۇمانلارنى دەممۇدەم سۈمۈرۈپ، ئۇزاقتا سوزۇلغان قۇمساڭغۇ يوللارغا تىكىلىپ تۇرىدۇ.

مەن ئالدىرايمەن، يول بويى ياۋا گۈل تېرىپ يۈرىدىغانغا، چۈش قونالغۇلىرىدا ئارام ئېلىپ چۈش چېچەكلىرىدىن گۈلچەمبىرەك ياساپ ئېلىۋالىدىغانغا ۋاقتىم يوق. قەلبىمدە بىخ ئۇرغان يېشىل مايسىلار ئۆچرىشىش ئەسنالىرىدا بىردىنلا بوي تارتىپ رەڭدار گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىنىدۇ.

مەن ئالدىرايمەن، كېيۈەزلىكتىن ۋاقىتسىز سارغايغان پاختىكارلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالەشلىرى ئاڭلاندى، كەتمىنىنى تاشلاپ شەھەرگە قېچىپ كەلگەن مۇساپىر بالىلار ئەرزان ماللار بازىرىدا تاشقىن ھاسىل قىلدى، يېقىملىق ئەزان ئاۋازى خىيالىي چۈشتىكى سۈلغۈن ئىلتىجادەك بىردىنلا توزۇپ يىراق سەھرا ئاسمىنىدا ھالىدىن كەتتى. ۋاقىتسىز گۈگۈم مەسۇم تەنلەردىن قان شارابى ئىچىپ، رەڭدار چىراقلار ئاستىدا بەھوزۇر ساماغا چۈشتى.

مەن ئالدىرايمەن، كوچا - ئىسرىقلارنىڭ ئاتەش - چوغدانلىرى ئۆچتى، قاتتىق سوقۇلغان چوت

ئاۋازى ئىچىدە يارىلىش ئەپسانىلىرى زىكرىدىن قال-
دى، ئۆلۈم ئوچاقلىرىدىن قوتۇرغان قاپقارا كۆمۈر
گازى هايات ئۈمىدىگە قىيا ئېچىلغان ئىشىكلەردىن
شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. مۇسىبەت خەۋەرلىرى
كەچ كۈز ياپراقلىرىدەك هەر يان ئۇچۇپ جان بېغى-
چىنى دەھشەت تىترەتتى.

مەن ئالدىرايمەن، شەمشىرىم كۆمۈش بېزەك-
لىك ئالتۇن قىنىنى يېرىپ تاشلاپ تۇن ئاسمىنىدا
ۋەھىمىلىك جاراڭلىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك تىخلىرىدا
ئاپئاق ئاي - يۇلتۇز شولىسى ئەكس ئېتىپ زوقمەن
تەبەسسۇم ئەيلىدى. بۇرگۇت قاناتلىرىدىن يۇلۇنغان
نۇرلۇق پەيلەرنى بېشىمغا قاداپ، ئۇچرىشىش ئەس-
نالىرى ئۇچۇن جەڭگىۋار سەپلەر ئالدىغا ئۆتتۇم...

مەن ئالدىرايمەن، ئەي سۆكۈتلۈك مەھبۇب،
ھىم ئېتىلگەن سۆيگۈ ئۆيىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى جالا-
قلىتىپ ئېچىپ، يىقىن دالىدا چاپچىپ كىلىۋاتقان
شاش ئارغىمىقىمنىڭ كىشنەشلىرىگە قۇلاق سال.
ھۆرلۈك يۇرتىدىكى رەڭلەر جىلۋىسى ھەسەن - ھۈ-
سەن بولۇپ ئۇيۇشۇپ بۇ ئۇلۇغ نۇسرەت سىپىنى
ئۆز دائىرىسى ئىچىگە ئالسۇن. ئاندىن نۇر قىيامىدا
ئېچىغان سۇپسۇزۇك بەخت شارابىڭنى جامىڭغا تول-

دۇرۇپ چوڭ يول بويىغا چىققىن ـ دە، ئۇنى
ئالدىڭدا تىزلىنىپ بەرگەن سالىمىمدىن كېيىن ماڭغا
ئىپتىخار بىلەن ئۇزات. ئون سەككىزمىڭ ئالەمرىبو
ئۇچرىشىش ئەسنالىرىدىن چەكسىز ھەيرەت ئىلكىدە
ئۇزاقىچە سۈكۈتكە چۆمسۇن!



# كۆلكىلەر تىلسىمى

1

كۆلكە جان ئارامى، كۆلكە سۆيگۈ تەنتەنىسى،
كۆلكە غالىپ روھنىڭ مەھكۇم ۋۇجۇد مىقياسىدا
قوزغىغان گۈزەل ھەم شېرىن غەليانى!

2

بىز كۈلەتتۇق، قەلبىمىز شېرىن تەشۋىش ئى-
چىدە بەختىيارلىق تاپاتتى.
ئېھ، پەرۋەردىگارنىڭ كۆز نۇرىدىن تامغان
سۆيۈملۈك ساھىبجامال، بىز زەنجىرلىرىمىزنىڭ
شاراقلاشلىرىدىن كۈلۈمسىرەش ئىزدىگەنىدۇق؟!
بىز تەبىئىلىكتىن ئوخشايسىزلىنىپ ئۆز - ئۆ-
زىمىزگە تەلپۈنگەن چېغىمىزدىن باشلاپ كۈلۈمسى-
رەشنى ئۆگەنگەنىدۇق. كىملەرنىڭدۇر مۇڭلۇق
ئىلتىجالىرى، سۆرۈن بېقىشلىرى، ئاچچىق نو-

قۇشلىرىمۇ ئەستىن كۆتۈرۈلگەندى، ئۇياتچان، ئەمما مەردانە تىكىلگەن كۆزلەردە، ئېغىر، ئەمما ئوتلۇق تىنىشلاردىن تىترەپ كەتكەن لەۋلەردە مەق-كە ئىنتىلگەن ئېزگۈ ئىستەك گۈلخانلىرى ئۇچقۇن چاچرىتاتتى. سۆكۈتلىرىمىز ناخشىغا، ناخشىلىرى-مىز سۆكۈتكە ئوخشاش مەۋجلىنەتتى. بىز ئۇنىڭ چوڭقۇرىدا ئىختىيارسىز قوشۇلۇپ بىر غايەت ئېقىن مىسالى ئۆركەشلەپ ئاقاتتۇق. قىرغاقلىرىمىز پەر-ۋەردىگارنىڭ تاڭ پەيتىدىكى ئۇلۇغۋار كۇلۇمسى-رەشلىرىنى تەنتەنە قىلاتتى.

## 3

بىز كۈلەتتۇق، قەلبىمىز شېرىن تەشۋىش ئى-چىدە بەختىيارلىق تاپاتتى.

ئېھ، تەقدىر مۇنقەرىزلىكىدە زاھىر بولغان سۆيۈملۈك نىگار، بىز يول ئاچالىرىدىكى مەڭگۈ-لۈك جۇدالىقتىن كۈلۈمسىرەش ئىزدىگەنىمىدۇق؟!

بىز باتىن دۇنيادا ئەرك تاپقان جەسۇر سەر-گەردانلاردىن ئىدۇق. پەزىلىتىمىز ئىمكانسىز، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز چارىسىز، چوقان - نىدالىرى-

ـمىز يېگانە، مۇڭلۇق ئىدى. زاھىر دۇنيادا باشپا-
ناھ ئىزدەپ تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈشكە، دىل
رىشتىمىزنى نىشانلاپ ئېيتىلغان ناخشىلارنى ئاڭ-
لاشقا، قىيا دەرىزىلەردىن مارىلانغان كۆزلەرگە بې-
قىشقا رايىمىز يوق ئىدى. ھەممىشە بىپايان كۆك
ئاسمانغا قاراپ بوي تارتقان سۆيگۈ ئۇلۇغۋارلىقىغا
تەلپۈنۈپ يۈلقۇناتتۇق، جۇدالىقنىڭ قاراڭغۇ ھاڭ-
لىرىنى مەسخىرە قىلىپ قانغۇچە كۈلەتتۇق. سۆيگۈ
كۈلكىسى بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە تېخىمۇ مۇستەھ-
كەم قىلىپ باغلايتتى، بىزنى يېتەكلەپ ھەم شېرىن
پەرۋىشلەر ئېتىپ، ئەپسانە گۈزەللىكى جىلۋىلىنىپ
تۇرغان سۆيۈملۈك بىر ماكانىنىڭ ئېزگۈ قوينىغا
ئېلىپ كېتەتتى.

4

بىز كۈلەتتۇق، قەلبىمىز شېرىن تەشۋىش ئى-
چىدە بەختىيارلىق تاپاتتى!
ئېھ، سۆيگۈ ئالىمىدىكى يېگى ئەپسانە!
بىز ئەڭ سۆيۈملۈك كۈلكىمىز بىلەن ئەڭ سۆ-
يۈملۈك بىر ئەپسانىنى يېزىپ قالدۇرغانىدۇق.

www.uyghurkitap.com

ئەپسۇس، ئۇنىڭ ھەر بىر قۇرى ئارىلىقى-دىن ئىسسىق ياشلار ئېقىپ چۈشكەندى...

## 5

بىز كۆلەتتۇق، قەلبىمىز شېرىن تەشۋىش ئى-چىدە بەختىيارلىق تاپاتتى!

مانا، ئۇلۇغ ئەزىم دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا مەڭگۈلۈك سۈكۈتكە چۆكۈپ، ئۇزاققا كېتىۋاتقان كۆلكىلەرنىڭ شېرىن دەملىرىنى ئەسلىمەكتىمىز. قىرغاقلارغا ئۇرۇلغان دەھشەتلىك دولقۇنلار كۆلكە سادالىرىنى يۇتۇپ، ئۇنىڭ قەلب قىيالىرىغا چېكىل-گەن رەڭدار ئىزلىرىنى يۇيۇپ بارماقتا ئىدى.

ئېھتىمال، تۇيغۇلىرىمىز خىرەلىشىپ، ئۇندا نۇر ئەمگەن گۈزەل سائەتلەر ئۆتمۈش قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئاللىبۇرۇن غايىپ بولغاندۇر. ئەمما مەن يۈرىكىڭنىڭ سەن ھېس قىلىشتىن قالغان پىنھانە جايلىرىدا ھېلىھەم سېنىڭ بىلەن بىرگە نەپەسلى-نىپ، ھېلىھەم سېنىڭ بىلەن ئەشۇ كۆلكىنى بىرگە كۈلۈپ تۇرۇۋېتىمەن!

## 6

بىز كۆلەتتۇق، قەلبىمىز شېرىن تەشۋىش ئىـ-
چىدە بەختىيارلىق تاپاتتى...

ئاھ، قارىلىق ئورىغان بىچارە ئاق پەرىشتەم،
بىز كۆلۈپ تۇرۇپ كۆلەلمەي يىغلىغان، يىغلاپ
تۇرۇپ يىغلىماي كۆلگەن ئىكەنمىز! ئەمدىلىكتە
ساڭا مۇمكىن بولمايدىغان چاقنىشى يوق ئۇمىدلەر-
نى خۇپىيانە پىچىرلاپ، يېشى قۇرۇپ بولغان كۆل-
كىلىرىڭنىڭ ئارامىنى بۇزغۇم يوق. سېنىڭ بىلەن
ھېچبىر ئالاقىسىز كىشىلەردىن مەخپى سالام يول-
لاپ كەيپىڭنى بۇزغۇمۇ يوق!

سەن قەلبىمدە مەڭگۈ يىمىرىلمەس بىر مۇقەد-
دەس ئابىدە. مەن ئاڭا كۆنلەر بويى تىۋىنىشتىن
شېرىنلىك تاپقان، ھايات يوللىرىنىڭ ئېگىز - پەس
داۋانلىرىدا چەكسىز پەرۋىشلىنىپ جۇشقۇن قانات
قاققان يىگانە ھاياتىي پەرۋاز!



www.uyghurkitap.com

# قايتىش

## 1

ھەرىكەت ئىچىدە قايناپ تېشىپ تۇرغان بىر پىنھانە سېھرى كۈچ ئاستا ـ ئاستا تىنىچلانماقتا ئىدى.

ھەممىگە ھاردۇق يەتكەندەك قىلاتتى، ھەممە نېمىلەرنىڭدۇر ئوتلۇق مېھرىگە تارتىلىپ، قىسقا ـ قىسقا مەنزىللەرنىڭ چېكىدە شېرىن مۈگدەشكە باشلىغانىدى.

ئادەم ئايىقى ئۈزۈلگەن قۇپقۇرۇق يوللاردا ئۇزاقتىچە تەنھا ئايلاندىم. ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، ھېچقاچان يادىمدىن كەچمىگەن بىر تاسادىبى، ئۇشتۇمتۇت ئوي ـ خىيالدىن ھەيرانلا قالدىم:

ئاللىبۇرۇن دۇنياغا ئوچۇق ـ ئاشكارە كىرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆي بىلەن تەن قەپەسلىرىگە سولىنىپ سۈكۈت ئىچىدە شېرىن مۈگدىشىمنىڭ ۋەجى نېمە؟!

هاياتلىق، ئېھتىمال بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈپ، مۇشۇ خىل تەكرارلىق ئىچىدە سۈپەت ۋە قىممەت يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بارچە، ئىككى خىل ھالەتنىڭ پاسىلىدا ئۆي بىلەن تەڭگە قاراپ شىددەتلىك دەۋرەپ ئاقسا كېرەك.

چەكسىزلىكىم دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىگە ئوخشاش زاھىر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ باتىنلىقى زاھىرلىقتىن خېلىلا ئۇزاقتا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەندى. دۇنيا بىلەن قارىشىپ تۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭمۇ بىر دۇنيا ئىكەنلىكىمنى كۆرۈشتىن تاشقىرى، يەنە سەۋەبلەر تەرىپىدە دۇنيانىڭ داۋامىنى ياراتقۇچى خاس بىر ئۇلۇغۋارلىق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم.

مەن تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋاللا چۈشەشكە باشلىغان دۇنيا مەن تۇغۇلۇپ كۆرگەن دۇنيانىڭ نەق ئۆزى بولۇشى ناتايىن ئىدى. خۇددى دوزاقتىن جەننەتكە ئۆتۈش ئالدىدىكى ئۇلۇغۋار تۇيغۇلارنىڭ ئىلكىدە روي بەرگەن چەكسىز زارىقىش دۇنيانىڭ كونا، تەييار نېمەتلىرى بىلەن مەنپەئەتدارلىنىشنى ئاساسى خاھىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۈنجى يېغىدىن ئاخىرقى ئۆلۈم پەيتىگىچە داۋام قىلىدىغان ئۇزۇلمەس

دولقۇننى ئىزاھلاش تەسكە توختايتتى. تۇغۇلۇش — يېپيېڭى بىر باشلىنىش، ئۇ ئاۋۋالقى دۇنيانى مۇقەررەر يوسۇندا رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ باشلىنىشى ئاۋۋالقى دۇنيانىڭ ئۇستىگە توغرا كېلىدۇ.

## 2

دەرىزەمنىڭ پاكىز، سۈزۈك ئەينىكىدىن ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇيقۇسىز، تىمتاس بۇ قاراڭغۇ كېچىدە تۈيغۇمنىڭ ئويناق، شاش دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ يىراق - يىراقلارغا شىددەتلىك ئاقماقتا ئىدىم.

بىر پەستىن كېيىن، يېقىن ئارىدىكى قومۇش - يۇلغۇنلۇق ساتمىلاردىن جىنچىرىقنىڭ غۇۋا نۇرى كۆرۈندى. كىملەرگىدۇر، نېمىلەرگىدۇر خۇددى ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك خىتاب قىلدىم:

— مېنى رايىمغا قوي، تونۇش ئايالنىڭ ئەللەي ناخشىسى كېچىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەن مۇشۇ پىنھان دالىدا تونەپ، قەلبىم چوڭقۇرلۇقىغا نۇر

ئاتا قىلغۇچى مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەر ئارا سەھەرگە كىرىمەن!

بۇ، ھاياتنىڭ ئالمىشىش پەيتى، كۆرەشلەر ئەۋجىگە چىققان قايناق جەڭگاھ ئىدى. ئۇندا زاھىر بولۇۋاتقان سىرلار ئۇيقۇ ۋە ئۇنىڭ قىزىقارلىق شېرىن چۈشلىرى تۇپەيلى ھەمىشە پىنھان قېلىۋېرەتتى. تەكرارلىق ئىچىندە ئەس - خاتىرىلەر خىرەلىشىپ كۆنۈكىشكە بوي بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھاياتنىڭ ئەڭ جىددى ئالمىشىش پەيتىدىكى ئىككى خىل ھالەت بىر - بىرىگە ۋە ئۇنى ئىدراك قىلغۇچى ئاڭغا نىسبەتەن ئۆز پەرقىنى يوقىتىپ، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈمنىڭ قىممىتى سۇزۇلمەس دۇغ، لاي سۇغا ئوخشاپ قالاتتى...

ئۆيگە قايتقۇم يوق ئىدى.

تەنىنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ روھىنىڭ ئۆلۈمىنى تاماشا قىلغۇم، ئۇيقۇ سىرتىدا يۈز بېرىدىغان تىلسىملىق كۆرەشلەردىن بىخەۋەر قالغۇممۇ يوق ئىدى.

مەن، ئۇ ئۆي، ئۇ تەنلەرگە سىغمايتتىم، روھىم مەڭگۈلۈك كۆرەش ئىلكىدە كەڭرى دالا - تۈز، بىپايان جەڭگاھلا ئىزدەيتتى.

## 3

چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىككە سوزۇلۇپ باراتتىم.

كېلىچەكنىڭ چىغىر يوللىرى يەنىلا شۇ تونۇش قومۇش - يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدا جىمجىت تولغىنىپ ياتاتتى.

قومۇش پۆپۈكلىرىدىكى ئۈزۈلمەس چاقىرىق، يۇلغۇن چېچەكلىرىدىكى قىپقىزىل سەھەر رۇخسارى كېلىچەك پىنھانلىرىغا تاشلىنىپ تۇرغان مەڭگۈلۈك ئەگۈشتەر ئىدى.

ئۇ يەردە، ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر - ئايال توپا بىلەن ئاددىغىنە دۆۋە قىلىپ قوپۇرۇلۇپ بېشىغا بىر تۈپ ئاينىماس قاخشال دەرەخ تىكىپ قويۇلغان كونا قەبرىنى ئايلىنىپ ئېچىنىشلىق يىغا - زار قىلىشماقتا ئىدى. ئېھتىمال، بۇندىكى سۆكۈتلەردىن كۆڭلى تالغان ئادەملەر ئۈچۈن ئۆتكەنكى جەسۇر روھىيەتنىڭ سۆر - ھەيۋىسىدىن تەسەللى ئىزدەش بىر تۈرلۈك زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

يوللارنىڭ ئۆز ئارا كېسىشىدىغان جايىدا بىر



www.uyghurkitap.com

نارەسىدە بالىنىڭ قورقۇنۇشتىن تاترىپ كەتكەن چىرايىنى ئىلغا قىلغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمغا ھەسرەت تاغلىرى بىراقلا يېقىلغاندەك بولدى، پەقەت چوڭقۇر ئىچكى تىنىقلىرىمدا ئېھتىيات بىلەن تەكرار پىچىرلايتتىم:

— نارەسىدە يېتىم بالا…

ھەممە نەرسە ماڭا خۇددى ئۇنىڭ يەلكىسىدە تۇرۇپ دوق - ئاھانەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. شۇ ناھەق دەقىقىلەرنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئاجىز ۋۇجۇدىنىڭ بەرداشلىقى خوراپ، تۇگەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ زوڭ ئولتۇرۇپ يىغلاشلىرى قەبرە بېشىدىكى يىغا - زارىلەر بىلەن قوشۇلۇپ گۇگۇم قوينىغا ئىز - دېرەكسىز سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. ئاسماندا كۆرۈنگەن ئاندا - ساندا خىرە يۇلتۇزلارنى پەرۋەردىگارنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئوخشىتىپ تەسەللىي تېپىشلا مۇمكىن ئىدى…

ئۆيگە قايتقۇم يوق ئىدى.

تەنىنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ روھىنىڭ ئۆلۈمىنى تاماشا قىلغۇم، ئۇيقۇ سىرتىدا يۈز بېرىدىغان تىلسىملىق كۆرەشلەردىن بىخەۋەر قالغۇمۇ يوق ئىدى.

مەن، ئۇ ئۆي، ئۇ تەنلەرگە سىغمايتتىم، رو-ھىم مەڭگۈلۈك كۆرەش ئىلكىدە پەقەت كەڭرى دالا - تۈز، بىپايان جەڭگاھلا ئىزدەيتتى.

قەلبىم ئىنتىلگەن سەھەرگە بىرلا ئىلتىجائىم بار ئىدى:

— مەن سەندىن كەلگەن بەختىيار بالا، پاك ھەم ئاق نۇرىڭدىن چىقىر يوللىرىمغا يامغۇر ئاتا قىل. قوينۇڭغا بارلىقىم بىلەن يەنىلا بەختىيار قاي-تىمەن، ئالقانلىرىڭ قۇتلۇق دۇئا ئىلكىدە كەڭ ئېچىلىپ يۈز - كۆزلىرىڭنى تاتلىقىنە بىر سىپاپ ئۆتسۇن!



www.uyghurkitap.com

# كۈنلەر

ھەر سەھەر كۈنلەرگە بىرەر سوۋغا ھەدىيە قى-
لىش ئارزۇسىدا غەمگە پاتىمەن، ۋاقىتنىڭ كۈلرەڭ
تۇمانلىرى ئارىسىدا يوللار قوپقۇرۇق سوزۇلۇپ يا-
تىدۇ.

ئىس باسقان دەرىزە ئەينەكلىرىدىن سىرتقا قا-
راپ ئۆزۈمنىڭ ئەكسىنى كۆرۈمەن. نامرات ھۇج-
رامدا ئۆزۈمدىن بۆلەك ئالاھىدە بىساتىم يوق.

ھىم ئېتىلگەن ئىشىكلەرنىڭ سوغۇق كەيپىدە
قەلبىم ئاللىبۇرۇن مۇزلىدى.

ئۆيلەر ئارا قۇترىغان ئاچچىق شىۋىرغان دەس-
تىدە جان گۈللىرى خازان بولۇپ توزىدى.

مانا، كۆك نۇر خاسىيىتىدىن ھۆرلۈك بەختى
تاپقان يىراق ۋاقىت قىرغاقلىرىدىكى تەڭداشسىز
باھادىرنىڭ ئىزلىرىدا توختاپ، مۇز ئۇيۇغان سۇپ-
سۇزۇك ئوغۇز كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خاسىيەت-
لىك قاخشال دەرەخنىڭ ئەتراپىدا ھۇۋلاپ، ھۆركى-

رەپ يۈرگىنىمگە نەۋاخ!

دالىلارغا يېيىلغان سەرسان نەرىلىرىم نۇسرەت قۇچمىدى، كىرىچتىن ئۈزۈلگەن ئالتۇن ئوقلارنى ئىزدەپ تاغ ـ داۋانلار ئاشتىم، قارارگاھتىكى ئاپئاق چېدىرلارنىڭ ئورنىدا ئۆچكەن گۈلخان كۈللىرى ئەسىرلەر بويى جىمجىت ئاقتى، ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ بەھەيۋەت ساداسى ۋاقىت دەشتىدە ئاللىبۇرۇن ھالىدىن كەتتى، ئاقارغان ھەر بىر كۈننىڭ خاسىيىتى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ پىنھان قەرزىدە ئۇھسىنىپ كۈيدار رىتىملىرىدىن جۇدا بولدى...

ئېھتىمال، پاكلىنىش پەيتى يېتىپ كەلگەندۇر.

ۋۇجۇدۇمنى سىقىپ تۇرغان غەشلىكتىن يېشىنىش ئىشتىياقىمنى قوزغات، چىلىق ـ چىلىق ياشلىنىپ كەلگەن كۈنلەرگە چۆمۈلۈپ، ئۇنىڭ نېرىقى قىرغىقىدا جىنچىراقتەك ئاجىز پىلدىرلاپ كۆرۈنگەن ئۈمىد نۇرىغا يېپىشايلى. ئۆتمۈش بولۇپ قالىدىغان بۇ كۈنلەرنىڭ ئازابى قولدىن كېتىشتىن بورۇن، ئۇنىڭ ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ھەركەتكە كېلىپ قانغۇچە يىغلىۋالايلى.

ئېرىگەن قەلبىتىن مۆجىزىكار نۇرلار يېيىل-
سۇن.
يۇيۇنغان قەلبىتىن سېھىرلىك جاكالار تۆكۈل-
سۇن.
سىلكىنگەن قەلبىتىن ھېكمەت سوۋغىلىرى
كەڭ تارالسۇن!
ئىشىكلەردىن تەكەللۇپسىز ئۇسسۇپ كىرىدى-
غان ھەر بىر سۇلغۇن كۈننى خۇشچىراي كۈتۈۋې-
لىشقا تېزدىن ھازىرلان!
ئېھتىمال، ئۇنىڭ جۇلجۇل كېيىملىرىنىڭ
يانچۇقىدا بىز ئەتىگە ئالغاچ كېتىدىغان بىرەر پارچە
مۇھىم خەت باردۇر.
ئېھتىمال، ئۇنىڭ شۇ بىچارە تۇرقىنىڭ ئۆزى
بىز تېخى ئوقۇپ مەنىسىگە يېتىپ بولالمىغان تۇنۇ-
گۈننىڭ مەخپى خېتىدۇر.
ئېھتىمال، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىدا سۇس چاق-
نىغان نۇردا ئەتىنىڭ پىنھان سائادەتلىرى پىنھان
ئەكس ئېتىۋاتقاندۇر...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئايرىلىش

ئاخىرقى خېتىڭنى قالدۇرۇپ كەتكىنىڭدىن كېيىن، روھىم ئازاتلىققا ئېرىشىپ دۇنيانىڭ پاياڭ- سىزلىقىغا چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتىم.

مانا ئەمدى يىراق سەھرانىڭ سۇلغۇن كۆيگە بۆلىنىپ، ۋاقىت پىنھانلىرىدا جىمجىتلا توزۇپ كەتكەن ياشلىق ئىستەكلىرىگە مەھلىيا بولۇپ ئۆتۈ- دىغان ئازابلىق كۈنلىرىڭمۇ يېتىپ كەلدى. ئارى- مىزنى تارام - تارام ئوپناق ئېقىنلىرى بىلەن تۇ- تاشتۇرۇپ بىر مەھەل جەننەت ھوزۇرى بەخش ئەت- كەن سۆيسۈزۈك شادلىق بۇلىقىمۇ تىنىپ ئوت - چۆپلەر ئۆسۈشكە باشلىدى ھەمدە بىپايان ھاياتلىق يايلىقىنىڭ قوينىغا پەرىقسىزلا قوشۇلۇپ كەتتى.

ياشاش ھەم ئالغا مېڭىش ئېتىبارىدا جىددى ھاسىراپ، ئۆتمۈشكە ھېچبىر نەتىجىسىز، قۇرۇق قوللا قايتىپ كەتكەندەك قىلاتتۇق. ئۇچرىششىمىز بىلەن ئايرىلىشىمىزنىڭ پەرقى ئارىمىزدا زاھىر بو-

لۇپ ئۆتكەن بىر مەھەللىك شېرىن چۇشكە باغلىق
ئەمەستەك قىلاتتى. ئالدىڭدا ھەم ئالدىمدا، ھەممىد-
نى يېڭىباشتىن باشلاش زۆرۈرىيىتى خۇددى قى-
ساسكارنىڭ يالىڭاچلانغان قېلىچىدەك سۇرلۇك،
ۋەھىملىك يالتىراپ تۇراتتى.

كەچ كۇز ياپراقلىرى مىسال ئىزغىرىن شامال-
لار مەيلىگە ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە رايىش
ئۇچماقتا ئىدۇق. مەنزىللەر قاراڭغۇ، نىشانىمۇ خىد-
رە، تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر سۇنۇق رۇجەكلىرىدىن
قىسمەتداشلىق نالىسى ئاڭلىنىدۇ. ھەر نەپەستە
قىستاپ كەلگەن بىر ئاچچىق بوغۇلۇشتىن ئۆمۈر-
لۇك تولغاق ئازابىنىڭ نادامەتلىرى داۋالغۇپ تۇرد-
دۇ. سەرخۇش تۇيغۇلاردىن، سۇزۇك چاقناشلار-
دىن، جانغا سىغمىغان سۆيگۇ خىتابلىرىدىن ئۇزاق-
قىچە خەۋەر يوق ئىدى.

يىراقتىكى جىمجىت ئۆيۇڭدە مېنى ساڭا ئەس-
لەتكۇدەك ھېچنەرسە تېپىلماس ئىدى. مېنىڭ قەل-
بىم ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ساڭا گۇزەل ھەم شېرىن
ئىستەكلەرنى بەخش ئېتەلمەيتتى، شۇ تۇپەيلى قەل-
بىڭدە يانغان ئوتلارمۇ ئۆچۇپ قالىدۇ. ئۇ يەردە،
ئېھتىمال كۆيگەن ئوتنىڭ دېغىلا قالار ياكى ئىك-

www.uyghurkitap.com

كىنچى يانغىن ئۇنىمۇ يوق قىلار ۋە ياكى تۇرمۇش-
نىڭ تەڭقىس، جىددى، ئاۋارە رىتىمى تۈپەيلى ئۇ
ۋەقەلەر بىلەن غايىۋانە ھەلەك بولۇپ ئولتۇرغۇدەك
پۇرسەتمۇ تاپالماسسەن.

سىنى قارشى ئالالمايدىغان ئۇ دۇنيانىڭ سۇل-
غۇن سۈكۈتى ئارىمىزدىكى مەڭگۈلۈك جۇدالىق بى-
لەن قوشۇلۇپ يۈرىكىمگە ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ
كىرمەكتە ئىدى. ئۇ يەردە، سىنى ئۆز قوينىغا
چىللاپ سۆيگۈ نازاكىتى بەخش ئېتىدىغان يېشىل
قوناقلىق، سىنىڭ قىزغىن ئۇچرىشىشىڭنى ئىپتى-
خار بىلەن مۇبارەكلەپ شادىيانە كۈي تۆكۈدىغان
كۆمۈش يوپۇرماقلىق جىگدىلىكلەرمۇ يوق. ھەممە
نەرسە ئۆزىنىڭ تاقىر، چاڭقاقلىقى بىلەن بىر غايەت
سۇلغۇن ھاياتلىق كۈيىگە بۆلىنىپ ئارامسىز چايقى-
لىدۇ، ئارامسىز تەكرارلىنىپ بارىدۇ. ئاق قۇش-
قاچلارنىڭ ئاندا ـ ساندا چۇرۇقلاپ، ئۇركۈپ ئۇ-
چۇشلىرىلا ھاياتنىڭ تېخى ئۆچمىگەن ئەركىن، قاي-
ناق ئەۋجىنى ئەسكە سېلىپ تۇرىدۇ.

ئايرىلىش، بەختنىڭ ئەمدىلا يورۇغان ئۇمىد
شامىنى ئۆچۈرۈپ، دۇنيانىڭ زۇلمەتلىك ئېتەكلى-
رىنى كەڭ يايغان چاغلاردا، ھاياتنىڭ مەنىسىز

چىنلىقى بىردىنلا ئايان بولدى. سېنىڭ ئەشۇ مەڭگۈلۈك بوشلۇق ئىلكىدىكى يېگانە ھالىڭ ئاياغلىرىڭ مىقلانغان ئانا تۇپراقنىڭ چەكسىز سۈلغۇنلۇقى بىلەن قوشۇلۇپ ياشلىق ساھىلىدا يارقىن جۇلا قىلىپ تۇرغان سۆيگۈ ئۆيمىنىڭ پىنھان نىداسىنى تىڭشىماقتا ئىدى:

— ئاسىيلىقىڭغا خوشتارمەن، ئەي ساھىبجامال!

ئاسىيلىق، بىزنىڭ مەڭگۈلۈك كۆڭۈل رىشتىمىزگە ئايلىنىپ، يوقلۇق ئىلكىدىكى ئېزىقىشلىرىڭغا ئۇلۇغۋار كۈيلەرنى ئاتا قىلىدۇ. رۇخسارىدىن نۇر ئالىسەن، زۇلمەتلىرىڭ يورۇشقا باشلاپ غورۇرىمنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن توۋا - ئىستىغپار ئوقۇيسەن.

ئەنە، بېشىڭ قايغۇدەك ئېگىز مۇئەللەقتە ئاۋۋالقىغا ئوخشاش مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتىمەن!

— ئاسىيلىقىڭغا خۇشتارمەن، ئۆزۈڭگە قاراپ مېنى كۆرمەكتىسەن، ئىككىنچى سائادەتنىڭ تىنىقلىرى يۈزلىرىڭنى تىنىقلىرىم بىلەن غىدىقلايدۇ. شاماللار بىلەن چاچلىرىڭنى پىنھان ئوينايمەن، قۇ-

ياش نۇرى بىلەن كۆزلىرىڭگە سۆيۈپ، ئۇندا تىنغان سۆيگۈ بۇلاقلىرىنى چۆللىرىڭ ئۇچۇن قايناتتىمەن!

— ئاسىيلىقىڭغا خۇشتارمەن، چۆللىرىڭ بىنىڭ ئىسمەتىمنى زىكرى قىلىپ دۇئا قىلىدۇ، دەريا - ئېقىنلىرىڭ ئىسمىمنى كۈيلەپ ناخشا ئوقۇيدۇ، گۈل - چىمەنلىرىڭ ئىسمىمنى يادلاپ لەرزان ئۇسسۇل ئوينايدۇ. يۈرىكىڭ، ئاھ، ئاسىي يۈرىكىڭ ئىسمىمنىڭ ھەر بىر تاۋۇشىغا ئۆزگىچە كۈي نوتىسى تۈزىدۇ.


— ئاسىيلىقىڭغا خۇشتارمەن، قەدەھلىرىڭدىكى قىپقىزىل گۈلگۈن شاراب مىسال زوق - مەيلىڭنى تارتىپ، مەسخۇشلۇق چايقاپ تۇرىدىغان سۇپسۈزۈك تۈيغۇلىرىڭغا چۆمۈلىمەن. ھاياتىنىڭ ئارىمىزدىكى خۇپيانە ئەۋجى باشلىنىدۇ، سىمسىم يامغۇرۇڭ بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ مەگزىمگە تامچىلىغاندا، ئۇنىڭ بەھرى بىلەن گۈللىرىمنى ئاينىتىپ سەھىرىڭگە سوۋغا قىلىمەن. تەئەججۇپلىرىڭ قۇياشىنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى ئالدىدا نومۇسقا قالىدۇ...

ئايرىلىش، ياق، پەردازلانمىغان چىنلىقتا قايتىش، مانا بۇ بىزنى كۈتۈۋالغان ھەقىقى تەقدىر.

ئېھتىمال ئۇندا، ئۆچكەن ئۇمىدتىن پارلاقراق، توزىغان چۈشتىن رەڭدارراق، ئىستەلمىگەن ئىستەكتىن مۇقەددەسراق مەزمۇن تاپارمىز. ئۇ، سېنىڭ، مېنىڭ ھەم بارچىنىڭ ھەققى سۇپىتىدە تېخىمۇ ئۆزگىچە، تېخىمۇ پارلاق نۇر تارىتار.

ئايرىلىش، ياق، پەردازلانمىغان چىنلىقتا قايتىش — بىر ئۆمۈر ساختا رەڭ - بوياقلار ئىچىدە نىقابلىنىپ، تەشۋىش، ۋەھىمە ۋە قۇللۇق كىبىرلىرىدە خالىسانە كۆلۈمسىرەپ، ئىشىك - ئىشىكلەرگە زەنجىرلىنىپ، ئۆي - ئۆيلەرگە تەقىپلىنىپ، يول - يوللارغا تاشلىنىپ چېچىلىپ ئۆتۈشتىن ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس ئەمەسمۇ!؟

بېرىۋەر، يۇرىۋەر، كېتىۋەر، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن زوقلاندۇرۇپ ئۆتمۈشنىڭ سېھىرلىك كۆچىگە نائىل بولغانغا قەدەر! ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەردىن شادلاندۇرۇپ كەلگۈسىنىڭ شېرىن ئۈمىدىگە تۇتاشقانغا قەدەر! ئايرىلىش، بەخت - سائادەتنىڭ ئەسلى چىنلىقىغا ئايلانغانغا قەدەر!...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# كاۋاپ

كاۋاپ — چوغ ئۇستىدە ئويغانغان ياۋايى روھ-نىڭ سىماسى، نىداسى ھەم ھالاكىتىدۇر!

... كاۋاپداندىن ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلگەندە، قوي پادىسىنىڭ چاڭ توزىتىپ يۈگۈرۈشلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. تەشۋىش، ۋەھىمە ئىچىدە سوزۇلغان روھ يوۋاش - رايىش بىر ھالدا قوتىنىغا — قۇربانلىق قەپىسىگە قايتىپ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا يوقىتىپ قويغان ئەركە - مەيلىنى جىمجىت كۆشەشلىرىدە ئەسكە ئالماقتا ئىدى.

ئۇلار شۇنداق يارىتىلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ تە-بىئەتتىكى ئەسلى بىر ئۇلۇش ھەققى پەقەت بەلگە-لەپ بېرىلگەن كىچىككىنە دائىرە ئىچىدىكى ئوت-چۆپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئالغا كەتكەن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك رەقى-بىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈرۈۋېتىلگەن...

ناۋادا، سىبىنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ تەبىئەتنىڭ ئەشۇ

جانۋارىغا ئوخشاش يىمەك ـ ئىچمەك قاشالىرى ئىدـ
چىدىلا قاپسىلىپ، ئادەملىكنىڭ ئەسلى ئۆلۆغۋارـ
لىقى بىلەن ئەسلى قىممەتلىرىنى يوقاتقان چاغدا
قىممەت ئوخشاش بولىدۇ: ئېھتىياج تەرىپىدىن تۆـ
تۆلۆپ قۇربانلىق قىلىنىسەن، ئېھتىياج تەرىپىدىن
ۋاستە ـ قورالغا ئايلىنىپ يېيىلىسەن.

كاۋاپداندىن كېلىۋاتقان پىژىلدىغان ئاۋاز قوي
پادىسىنىڭ سەكرىشىپ، ئويناقشىپ مەرەشلىرىنى
ئېسىمگە سالدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئۆزلىرىنىڭ
ئۆزاپ كەتكەن، يىراق تەبىئەتتە قالغان ياۋايى روـ
ھىنى چاقىرىشىپ، تانا ـ چۇشەك ئىلكىدە ئانچە ـ
مۇنچە تېپىرلىغاندىن كېيىنلا جىمجىت ئارام تاپقاـ
نىدى. ئۇلار، ئېھتىمال شۇ ھالەتتە ئاجايىپ تاسادىـ
بى مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئۆزـ
لىرىنى ياراتقۇچىنىڭ ئىلكى ـ ئىختىيارىغا تاپشۇـ
رۇۋاتقاندەك، يەنە كىملەرگىدۇر، نېملەرگىدۇر
ساداقەت بىلدۈرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆتكۈر تىغنىڭ
مۇقەررەر ئۇرۇلۇشى بىلەن ھەممە كۆپۈككە ئايلانـ
دى:

تەبىئەتتىكى رايىش بىر جانۋار ئەمدى باشقا بىر
نەرسە — پەقەت ئۆلۈك ھالدىكى، يېيىلىدىغان جانـ

سىز ، تەييار گۆش.

ئاخىرقى تىركىشىش شۇ قەدەر دەھشەت ھەم تەسىرلىك بولماقتىكى، شۇ پەيتلەر بىلەن، ئېتىـ لىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قانلىرىڭ، ئىچ - ئىـ چىگدىن قايناپ تېپىۋاتقان ياۋايى كۈچلىرىڭ، ھەتتا گۆشلىرىڭنىڭ چوخ ئۈستىدە قاقلىنىشلىرىدىن كېـ لىۋاتقان ئاداققى ئاۋازلىرىڭ بىلەن ئۇلۇغ ھەم قەـ دىرلىكسەن، ئەي بىچارە جانىۋار!

ناۋادا، سەن، يەم - بوغۇزغىلا ئۆگەنگەن بولـ ساڭ، مەۋجۇد بولۇشۇڭ مەۋجۇد بولۇشتىن تاشقىـ رى بىرەر سېھرى كۈچنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭـ دىن تۇرلۇك - تۇمەن رەڭدار شەكىللەرنى يارىتىپ چىقالمىسا، ئۇ ھالدا، سەن بەربىر قۇربانلىق قوي، يېيىلىدىغان گۆش، پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپـ تىن باشقا نەرسە ئەمەسسەن. سېنىمۇ زىخقا ئۆتكۈـ زۈپ ئوتقا قاقلىسا، ئاۋازىڭ چىقمىغان تەقدىردىمۇ بەربىر پىژىلداپ ھەم گىژىلداپ يىغلايسەن، ياش تېمىپ تۇرغان مەززىلىك كاۋاپ يىگۈچىنى قالتىس ھوزۇرلاندۇرىدۇ. بۇ، ئاجايىپ بىر ئىش...

كاۋاپ — چوغ ئۈستىدە ئويغانغان ياۋايى روھـ نىڭ سىماسى، نىداسى ھەم ھالاكىتىدۇر!

# بەخت زۇنناری

1

ئىمكانلار ئارا قوتربغان بورانغا ئوخشاش هەر-يان ئۇچمىز.

بەخت زۇنناری ئارىمىزدا يېيىلغان ئۇزاق بىر سۇلغۇن ئازاب بوشلۇقىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

ئىمكاندىن ئىمكانغا ئۆتۈشنىڭ كاجلىقى، تە-لەيسىزلىكى ۋە مۇشكۇللىكى بەرق ئۇرۇپ ۋايىغا يەتكەن گۈل - غۇنچىلارنى سۇلدۇرۇپ، كۈتۈلمى-گەن، تاسادىبى يولۇچىلارغا هەدىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بەختسىز بىز.

تېنىمدىكى ئېچىرقاش غايەت زور گۈلدۇرمامى-غا ئوخشاش روهىمنىڭ هەر بىر ئاپئاق سەهىرىگە قارا بۇلۇتلارنى سۇرۇپ، دەهشەتلىك يامغۇر - يې-شىندىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ساڭا تېنىمنى بەخش ئېتەلىسەملا روهىمنىڭ هۆرلۈكىگە، سۆيگۈ ئاتلىق سائادەتنىڭ شېرىن تۇيغۇسىغا ئېرىشكەن بو-

لارىدىم.

نامەلۇم ئىمكانىنىڭ ئېگىز قاشالىرى ئىچىدىكى ئازابلىق سۆكۈتلىرىگىدىن يېشىنىپ، تېنىمدىكى ئىللىق ۋەتەنگە قاراپ يول ئال. ئۇ، سېنىڭ ئايال-لىق مۆجىزە يارىتىدىغان مەڭگۈلۈك ئۇسسۇلگاھىڭ-غا ئايلانسۇن، بىز روھ ئەۋجىدە بىر- بىرىمىزگە قوشۇلۇپ مۆجىزىلەر تىلسىمىنى يېشەيلى.

دۇنيا، چىرايلىقنىڭ دەردى، گۈزەللىكنىڭ ئىشقى ئەمەسمۇ!؟

سۆيگۈ، ھاياتنىڭ بىر تىنىق شادلىقى ئەمەس-مۇ!؟

بەخت، ئۆزۈڭنى ئۆزگىدە كۆرگەن دەملەرنىڭ رىسقى ھەم شەۋقى ئەمەسمۇ، جانجان!؟

مەن، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى دائىملىق تۇيغۇمدا ساقلاپ قېلىپ، ساڭا ئوتلۇق كۆزلىرىم ۋە ئىللىق تەبەسسۇملىرىم بىلەن باقالىغان كۈندىن ئېتىبارەن، بىز بىر- بىرىمىزگە تامامەن ئېرىش-كەن بولىمىز.

## 2

ھاياتنىڭ قۇمساڭغۇ تۇپراقلىرىدا ئاينىمىغان بىر تال ياۋا ئەتىرگۈلسەن.

سىنى ھەمىشە جانلىرىمدا سۇغۇرۇپ ياشارتىپ تۇرمىسام، كەچ كۇز ياپراقلىرىدەك سولۇپ ـ سار-غىيىپ خازانغا ئايلىنىسەن.

چاڭقاقلىقىڭدا ھاياتبەخش دىلدارىڭمەن.

توقلۇقۇڭدا، بەرق ئۇرۇپ ئاينىشلىرىڭدا رو-ھىڭنىڭ سىرتىدىكى چۆل ـ جەزىرىلەردە ساياق يۈرگەن دەردمەن سەرگەردانمەن...

3

كۈن بويى، قىل ـ يىپلار بىلەن رىشتە توقۇپ مۈزلىغان، ئۆلگەن بىر روھنى ئىسسىق تىنىڭگە تارتىشلىرىڭ ۋەھىمە باسقان يوقلۇقتا يىقىن قاراڭغۇ خىلۋەتتە تەنھا ئولتۇرغىنىڭنىڭ ۋەجىمۇ، ئەي ناتى-ۋان قىز؟!

يۈر، بىز سەھرا بويلاپ مىڭىپ دۇنيانىڭ پاياد-سىزلىقىغا چىقىپ كېتەيلى. ئۇ يەردە ئالغان بىر تىنىق ئەركىن نەپەستە سەن ئۆمۈر بويى مۇھتاج بولۇپ ئۆتۈدىغان ھاياتبەخش سېزىم ـ تۇيغۇ زاھىر-دۇر.

كۆزلىرىڭنى تېرىۋالغۇم بار، ئەپسۇس يەرگە قاراپ ئۇزاققىچە سۈكۈتتە تۇرۇش بەخت ئاتا قىلغۇ-

www.uyghurkitap.com

چى ئەخلاق ئەمەس!

مەن ساڭا پەقەت ئۆزۈمگىلا خاس، ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق نەرسىلىرىم بىلەن بەخت ئاتا قىلغۇچى تىلسىم!

مېنى بويلاپ يىراققا تىكىلسەڭ، ئارىمىزدىكى يارقىن چەكسىزلىكنى كۆرەلەيسەن. ئۇنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا بۇ چەكسىزلىككە نىسبەتەن ئاللىبۇرۇن ئۆز مەنىسىنى يوقاتقان بولىدۇ.

بەختىڭگە ئېرىشىپ، ئۇمىدلىرىڭنىڭ سۆرۈنلىكىدىكى غەلە - غەشلەردىن يېشىنمەكچى بولساڭ، قەددىڭنى تىك تۇتۇپ كۆزلىرىمگە ئوتتەك يېنىپ يالت قىلىپ قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەت. كەچقۇرۇن، مەززىسىز ئىشلاردىن خالاس تېپىپ سۆيگۈ ئۆيىمگە قايتىمەن، سېنىڭ ئۈچۈن ئىشىكىمنى ئوچۇق قويۇپ هوزۇرىڭغا ئېسىل شاراب - مەيلەردىن تەييارلايمەن. ئاندىن، كۆي ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ، تىرىلگەن تۇيغۇلارنىڭ بەھرىدە قاناتلار ياساپ دۇنيانىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىمىز.

تەنىنىڭ ئوتلۇق تەپتىدە يوقاپ روھىمدا قايتا پەيدا بولالىساڭ، سەھەردە ساڭا بەخت زۇنارىمنى ئېسىپ لەۋلىرىڭدىن سۆيىمەن...

# روھ تاشقىنى

ئىشىكىم تاقالغان بولسىمۇ، سىنىڭ سۆكۆت ئىچىدە تۇرۇۋېرىپ سارغايغان ئۆتمۈشكە قۇرۇق قول قايتىپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن.

نازۇك بارماقلىرىڭنىڭ ھەر بىر ساداسى يەنىلا يۈرىكىمگە بىمالال ئىقىپ كىرىۋېرىدۇ. ھايال ئۆتمەيلا مەن ئۈنىڭدىن ئەڭ شېرىن كۈي شارابى تەييارلاپ قولۇڭغا كۆمۈش قەدەھ بىلەن تۇتىمەن.

كىچىككىنە ھۇجرىدا تەنھا تۇرىمەن، تەشۋىشلىرىڭگە ئەپسۇسلانغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ سائادەتنىڭ مۇقەررەر چىنلىقىغا ئىشەنچە ھاسىل قىل! تەجرىبىڭنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلسۇن، ئەپسۇنلارنىڭ سېھرى ئۆزىنىڭ قەدىمىي بۆشۈكىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتسۇن، ئەڭ قاراڭغۇ خىلۋەتلەرمۇ تۇيغۇڭنىڭ ھەر بىر چاقنىشىدىن نۇر - زىيالارغا تولۇپ يورۇپ كەتسۇن!

ئۈچرىشىش بەختى كۈتۈشلەرگە شىرىك ئە-

مەس، ئۆلۈمنىڭ سىرتىدا كۈلگەن چەكسىز بەرنا چاغلارنىڭ رىسقىغا پۈتۈنسۈرۈك چېچىلغانمىز. ئۈ-تۈك كۆيدۈرگۈ يانغىنغا، سۆيىنىڭ كۆيۈك جانغا ئارام بەرمىش ئەزىم دەرياغا تىمسالدۇر. مانا ئەمدى تەبىئەتنى ۋۇجۇد مىقياسىدا كۆرۈش، ئۇنىڭ رەڭدار ھۆسۈن - جامالىدا نازىغىپ يەلپۈنىش سائادىتى ئا-يان بولماقتا. سېنىڭ كىچىككىنە قۇرۇلماڭدىن شۇ ۋەجى پايانسىز ئالەمنىڭ تىنىقلىرىنى ئاڭلايمەن.

تاملار نېمە، ئىشىكلەر نېمە، سوك-ۇتلەر نېمە؟!

بارچىسى بىزنىڭ بىر مەھەللىك تۇرالغۇمىز، ئەشۇ تەبىئەت ئالدىدىكى ئىزىقان كۆلەڭگىمىز، خۇددى سەھەردىكى تۇماندەك تىزلا ئۇچۇپ، تاراپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى چاڭ - توزانلىرىمىز...

كىچىككىنە ھۇجرىدا تەنها تۇرىمەن، ئەمما قا-ناتلىرىم بىلەن سەن كەلگەن دۇنيادا ئەركىن پەرۋاز قىلىمەن.

شارابىمنى ئەشۇ چەكسىز ھۆر دۇنيادىكى بىر جۈپ شېرىن جاننىڭ سائادىتىگە نىشانلاپ ئاتىغان تىلەكلىرىم بىلەن جىمجىت كۆتەرگىنىمدە، شە-كىللەرنىڭ ئەھمىيىتى غۇۋالىشىدۇ، ئۇنى گويا تو-

سۇلغان غايەت نۇردىن پەيدا بولغان سايىلەرگە ئوخ- شىتىپ ھەيرەتتە قالىسەن. مۇزلىرىڭ يالقۇنلۇق ئوتلار تەپتىدە ئېرىپ ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ، ئې- قىنلىرىڭ شىددەتلىك ئۆركەشلەر ياساپ چاڭقىغان قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ ھەمدە يىراق - يىراق دالىلارغا سۇزۇك تامچىلىرى بىلەن يامغۇر - يېشىن ئاتا قىلىدۇ.

ئىشىكىم تاقالغان بولسىمۇ، سېنىڭ سۇكۇت ئىچىدە تۇرۇۋېرىپ سارغايغان كوچىلارغا ئۇمىدسىز قايتىپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن.

نازۇك بارماقلىرىڭنىڭ ھەر بىر ساداسى يەنىلا يۇرىكىمگە بىمالال ئېقىپ كىرىۋېرىدۇ.

كىچىككىنە ھۇجرىدا ئالەمنى ئۆزۈمگە سىغدۇ- رۇپ تەنها تۇرىمەن. خىياللىرىڭ ئېلىشىپ چۇۋۇل- غۇچە بولغان ئارىلىقتا سېنى ئېلىپ كەلگەن مۇبا- رەك تۇيغۇڭغا ئەگىشىپ ئەقلىمنىڭ ئۇچقۇر قاناتلى- رى ئۇستىگە چىقىۋال.

پارچىلانغان ئادەمنىڭ سىماسى يىراق چۆللەر- دىكى ئالۋۇن - ۋىلۋىللارغا ئوخشاش كۆز ئالدىڭدىن بىراقلا غايىپ بولسۇن.

روھ تاشقىنى ساڭا ھەق سېھرىدىن ئەڭ غەيۇر

ئىرادە ئاتا قىلىپ ۋۇجۇدۇڭ پىنھانىدا جىددىي ھەر-
كەتكە كەلسۇن.
بوشلۇقلىرىڭنىڭ پايانىدا سەھەر قۇياشنىڭ
ئاپئاق رۇخسارىڭ ئايان بولسۇن!



# ئوت ئىچىدىكى لەۋ

ھېلىغىچە سىڭنىڭ سوغۇق ئاقىرىپ تۇرغان سۇكۇتلۇك لەۋلىرىڭگە قاراپ تەشۋىشلىنىمەن، گەرچە لەۋلىرىم ئوت ئىچىدە چوغلىنىپ ھاياتنىڭ شېرىن رىسقىغا كۇيدار ئۇچقۇنلىرىنى چېچىۋاتقان بولسىمۇ.

لەۋ — سائادەت ئەلچىسى، ۋۇجۇد چوڭقۇرلۇ-قىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى سېھىرلىك چوغدان، تەش-نالىق كۇچىدە ھەرىكەتكە كەلگەن مەھكۇم روھىيەت-نىڭ ھۆرلۇك جەڭگاھى، قايتىش داۋامىدىكى ئوت-لۇق تۇيغۇلارنىڭ شېرىن ھەم ئىلھامدار ئارامگاھى!

ھېلىغىچە سىڭنىڭ سوغۇق ئاقىرىپ تۇرغان سۇكۇتلۇك لەۋلىرىڭگە قاراپ تەشۋىشلىنىمەن، گەرچە لەۋلىرىم ئوت ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ ھاياتنىڭ شېرىن رىسقىغا ئايلانغان بولسىمۇ...

ئوت ئىچىدە ئېچىلغان بىر جۇپ لەۋنىڭ پاياز-سىزلىقىدا ئويغىنىمىز. ئارام، شۇندىن ئېتىبارەن

بەخت ئىلتىجاسىدا غايىپ بولۇپ، روھنىڭ سەرسانە پەرۋازى باشلىنىدۇ.

بەخت، دەپ ھالسىرىغان ئادەم ۋۇجۇد قاشالىرى ئىچىدە توزىغان غۇنچىلارنىڭ ھەسرىتىدە ئۆز - ئۆزىگە قايتىپ چەكسىزلىككە ئايلىنىدۇ ۋە ئۇندا لەۋنىڭ ئاتەش - چوغدانلىرىنى قىزدۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆيۈلمىگەن ھەم كۆيدۈرمىگەن، سۆيۈلمىگەن ھەم سۆيدۈرمىگەن لەۋلىرىدىن ھەقىقەت نۇرى تۆكۈلۈپ بەخت چۆلىنى يورۇتىدۇ.

ئىمكاندىن ئىمكانغا ئۆتۈش — روھىيەتنىڭ سائادىتى! لەۋ، بۇ سائادەت ئەسنالىرىدا يىگانە بىر ئارامگاھقا ئايلىنىپ رەڭلىنىدۇ ۋە ئويغانغان پەرۋازلارنىڭ ئۇچرىشىشىدا كۈچلۈك يالقۇنجاپ نۇر چاچىدۇ. قاراڭغۇ خىلۋەتلەر يورۇيدۇ، روھ مۇڭلار ئىچىدىكى بۇرۇقتۇم ھاۋانى سۈرۈپ پايخان ئېتىپ، مۇقەددەس دىل قۇياشى بولۇپ پارلايدۇ. تۇيغۇ بىلەن ئەقىل روھنىڭ ئىككى تەرىپىدە جەزبىلىك قانات قېقىپ، تەن چۆللىرىنى سائادەت يامغۇرى بىلەن سۇغۇرىدۇ.

سىنىڭ سوغۇق لەۋلىرىڭ ئاللىبۇرۇن قاشالىرىڭنىڭ ئىچكىرىسىدە بەخت كۈيى تۆكۈلۈپ تۇرغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرانە بىر ئىمكاننى پىنھان تۇتۇپ ياتىدۇ. ئىمكان-
لار ئارىسى، نىگاھلار ھەم تىنىقلار ئۇچرىشىپ تۇر-
غان شۇ قەدەر يېقىن ئارىلىق مۇھەببەتنىڭ چۆلىنى
ھاسىل قىلىپ، بەخت ۋە ۋىسالنىڭ قەدرىنى تۆكۈپ
سورۇۋېتىدۇ. ئۇلۇغ پەرۋاز، شۇ تۇپەيلى روھنىڭ
ئەسلى ماكانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ-
نىڭ سەرسان - سەرگەردانلىقى ئۇلۇغلۇق كۈچىدىن
بەخت بىلەن ۋىسالنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن سىمۋول-
نى يارىتىپ، سىمۋوللار ئارا تېخىمۇ چەكسىز،
تېخىمۇ رەڭدار مەزمۇن تاپىدۇ...

ھېلىغىچە سىنىڭ سوغۇق ئاقىرىپ تۇرغان سۈكۈتلۈك لەۋلىرىڭگە قاراپ تەشۋىشلىنىمەن، گەرچە لەۋلىرىم ئوت ئىچىدە چوغلىنىپ ھاياتنىڭ شېرىن رىسقىغا كۈيدار ئۇچقۇنلىرىنى چېچىۋاتقان بولسىمۇ ۋە ياكى ئوت ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ ھاياتنىڭ شېرىن رىسقىغا ئايلانغان بولسىمۇ.

ئېھ، ئوت ئىچىدىكى لەۋ، بارلىق مۆجىزە سىنىڭ ئىككىنچى بىر ئىمكان بىلەن جۈپلىشىپ تۇيغۇلار ئارا ئۇلۇغ بىر پارلاق ئېقىنغا ئايلانغان چېغىڭدىن باشلاپ يۈز بېرىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## پاجىئە

ۋاقىتنىڭ تاسقاشلىرى بىمەنە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىدراك نېمە قىلسۇن!

ئېھتىمال، ۋاقىت قۇل، ئۇ سېنى ھەم مېنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈك كۆلىگە ئاپىرىپ تەقدىرنىڭ ئاچ بېلىقلىرىغا يەم قىلىپ بېرىدۇ.

مەن ئالدىرىمايمەن، ئالدىمدا نىشانسىز بىر سۆرۈن كەڭلىك جىمجىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇندا مېنىڭ تەشنالىق مەنزىلىممۇ، ئىلھامدار شېرىن ئارامگاھىممۇ يوق. قەلبىم تەن قەپەزلىرىگە سولانغان، ئەخلاقنىڭ پولات سىملىرى ئىستەكلىرىمنى بوغۇپ تۇرىدۇ. بۇ يوللاردا مەن پەقەت ساڭا ئوخشاشلا بىر تەنھا ساختا يولۇچى...

مانا، بىز قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىن كېلىۋاتىمىز.

بىز ئۇندا بىر نەچچە دەقىقە ئۇچرىشىپ، چۈشىنىكسىز ھېس ـ تۇيغۇلار ئىچىدە بىر ـ بىرىمىز-

گە قارىشىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىمىز. بۇ يوللار بىزنى ئىككى خىل، قارىمۇقارشى مەنزىلگە ئېلىپ كېتىدۇ، شۇندىن كېيىن قايتا ئۇچرىشىش بەختى نېسىپ بولمايدۇ، مەۋجۇتلۇقىمىز بىر - بىرىمىزگە نىسبەتەن ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ.

پاجىئە، ئاھ، پاجىئە!

بىز قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىن كېلىۋاتىمىز.

مەن ساڭا قىزغىن سالاملار بېرەلمەيمەن، ئۇچرىشىش ھەم تونۇشۇش بەختىنى زوق - شوخ بىلەن ئىزھار قىلالمايمەن، تېلېفون - چاقىرغۇ نومۇرۇمنىمۇ قالدۇرۇپ قويالمايمەن. ھەممە قەلبىمدە قايناپ تېشىپ، پەقەت مەيۇس، مۇلايىم، ئاسىي نىگاھلىرىمغا جۇغلىنىدۇ. سەنمۇ ھەم ماڭا ئوخشاشلا ئەشۇ خىل نىگاھلىرىڭ بىلەن تىكىلىسەن.

بىز بىر دەۋر، بىر قىممەت، بىر ئەخلاق، بىر ئاڭ ۋە بىر قانۇننىڭ تامچىسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، سۈرىتىمىز بىلەن ماھىيىتىمىز ئىككى دۇنيا، ئىككى ئالەمنىڭ تەۋەلىكىدە ئايرىم - ئايرىم تۇرىدۇ. ئۆمۈر، مۇشۇ ئارىدىكى بوشلۇق ۋە مۇساپىلەرنى

بىسىپ ئۆتۈپ بولالماي كۆپۈك، لەش ھەم تۇپراققا ئايلىنىدۇ.

پاجىئە، ئاھ، پاجىئە!

مەن كەينىمگە قارىيالمايمەن، ساڭا ئوخشاشلا يېنىش ـ يېنىشلاپ قايرىلىپ قاراشنىڭ، نىگاھلار-نىڭ تىلسىز سۆھبەتلىرىنى ئۇزاققىچە ئاڭلاپ تىڭ-شاشنىڭ ئوتتەك قىزغىن ئىستەكلىرىدە گويا گۇل-خان بولۇپ كۆيىمەن. سۇكۇتتە چۆمگەن چاغلىرىم سەن قەلبىمدە مەڭگۈلۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ پىن-ھان ئازابقا ئەسىر بولغان چاغلىرىم بولىدۇ.

پاجىئە، ئاھ، پاجىئە!

بىز قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىن كېلىۋاتىمىز.

بىزنى تارتىپ كېتىۋاتقان مەنزىللەرنىڭ قىم-مىتى ئارىدا يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئۇچرىشىش-نىڭ قىممىتىگە ئەرزىمەيتتى. شۇڭا يولدىن ئۆزگە نەرسىلەر ھەققىدە ئويلاشنىڭ ھېچبىر مەنىسى يوق ئىدى.

يول، ئىمكانلار جۇلاسى!

يول، بىزنىڭ تاللىشىمىزدىن سۆيۈملۈك چى-راي ئاچىدۇ، ئەمما ۋاقتىنىڭ بىمەنە ئويۇنلىرى تۇپەيلى، ئۇندىكى ئامەتلەر سىرى ھەمىشە كۆڭۈل-

دىن پىنھان قالىدۇ.

بىز يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدۇق. ئىككى قارا سايە، ئىككى سوغۇق سۇرەت يېقىنلاپ كېلىپ دە-قىقە ئىچىدە بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى - دە، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن بىر - بىردىن ئايرىلىپ يىراقلاپ كەتتى. ئەمدىلىكتە، بۇ يوللاردا ئىككى ئوتلۇق سايە، ئىككى رەڭدار سۇرەت نامايان بولماق-تا ئىدى.

ئەي، ئۇچرىشىش بەختىدىكى سۆيۈملۈك سا-ھىبجامال، مېنى ئىككىنچى دۇنيادا — سۇرىتىڭ ئىچىدىكى ماھىيەتتە، ئۆزۈڭگىلا خاس ئەسلى چىنى-لىقىڭدا ئىلىپ قال. بىز شۇ مۆجىزىلەر يۇرتىدا مەڭگۈ بىر - بىرىمىزنىڭ رەڭدار گۈللىرىنى پەر-ۋىش ئەتكۈچى ۋاپادار باغۋەنلەردىن بولۇپ قالايلى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# روھ سەپىرى

تۇنۇگۈنكى خەتلەردىن ئۇچۇر كەلمەي تۇرۇپ گۈگۈمنىڭ قانلىق قىرغاقلىرىغا يېقىنلاشتىم.
تۈن، كۈننىڭ ئاداققى كۆز ياشلىرىغا بەھوزۇر چۆمۈلۈپ ئۆزىنىڭ تىمتاس زەپەر ناخشىسىنى ئېيت-ماقتا ئىدى.
ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى ئالدىدا تۈيغۇلار خىرەلى-شىپ، مەۋھۇم بىر شادىيانە كۈينىڭ ئەسىرىگە ئاي-لانغان ئىدى.
ئۆستەڭ بويىدىكى قاۋاقخانىدا ئېلېكتىر لامپى-سى تولغىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن، ئەتراپقا ئولاش-قان ئادەملەرنىڭ قانلىرىدىكى سۇلغۇن رىتىم ھەر بىر سىلكىنىشىدە ھەزىل - لەتىپىگە ئايلانماقتا ئى-دى.
كۆلكە ئاۋازى دەرىزىلەرنى تىترىتىپ ئۆتۈپ يىراق جاڭگالدىكى پادىچى - چوپانلارنىڭ شېرىن چۈشىگە ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى...

تۈننىڭ ناخشىسى ئۈزۈلدى، ئۇ ئۈزۈن قارا تۈننىڭ ياقىسىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە چۈش پە-رىسىنىڭ گۈلدار قىيىقىغا ئولتۇرۇپ ئالدىراشلا يۇ-رۇپ كەتتى.

لەتىپە داۋاملاشماقتا، ئادەملەر ھەر بىر كۆل-كىدىن سىلكىنىپ ئۆزلىرىنى ھەريان ئېتىشماقتا ئىدى.

مەھەللە ـ مەھەللىلەردىن باللارنىڭ چىرقى-رىغان، مۈشۈكلەرنىڭ مىياڭلىغان، ئىتلارنىڭ خىرقىرىغان ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ بوۋاي ھەم موماي‌لارنىڭ ئاجىز يۈرىكىگە دەھشەت سالماقتا ئىدى.

تۈن نىسپى كۆزۈمدە ئويۇپ قالغانىدى، ۋۇجۇ-دۇمدا جىددى تاشقىنلاپ كېتىپ باراتتىم. كۆڭۈل ئەينەكلىرىمدە تۈنۈگۈننىڭ جەننەتتەك نۇرانە سىما-سى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دۇنيانىڭ ھەققى -ھۆرمىتى ئالدىدا ئەشۇ قۇياش تۇغىمنى ئېگىز كۆتۈ-رۈپ، شەكىللىرىمنى يوققا چىقىرىپ، سەھەرنىڭ ئېپتىخارى بىلەن ماھىيىتىمدىن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتسەم، دېگەن ئىستەك روھىمدا قاناتلان-ماقتا ئىدى.

مانا، قان بىلەن روھ ئارىسىدا قىسىلىپ دۇن-
يانىڭ ئىپتىخارىنى كۆردۈم، ئادەمنىڭ چەكسىز
كەتكەن مۆجىزىكار چىنلىقىدا ئۇ بىر تال قىزىلگۈل
بولۇپ ئېچىلغانىدى.

قەلبىم بىلەن تېنىمنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ دۇن-
يانىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆردۈم، ئادەمنىڭ پىنھانە
تۇرغان بوشلۇقلىرىدا ئۇ بىر توپ يۇلتۇزلار تۇركۇ-
مى ھاسىل قىلغانىدى.

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولۇپ
دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك يۈرىكىنى تىڭشىدىم، ئادەم-
نىڭ ئېقى بىلەن قارىسىدا ئۇ بىر غايەت زور يانغىن
بولۇپ كۆيمەكتە ئىدى.

ئەي دۇنيا، چەكسىزلىكىڭدە چەكسىزلىك بو-
لۇپ تەنھا ئېقىشىمنى قوبۇل قىل. قانغا ئايلىنىپ،
ئايىقى چىقماس تۇرغۇن تىمتاسلىق ئىلكىدىكى كۆل
سۈيىدەك قورۇتۇلۇپ ۋە ياكى زەي ئېرىقلار
ئارا كۆپۈك ـ لەشكە ئايلىنىپ كەتكۈم يوق. روھقا
ئايلىنىپ مەڭگۈلۈك پارلاش، ئەڭ پاكىز تۇيغۇلار
ئىچىدە چوغدەك جۇشقۇن يېلىنجاش، ئۇنىڭ قاپقا-
راڭغۇ غار ـ ئۆڭكۈرلىرىدە چوقان سېلىپ پاراسەت
پەزىلىتىنى سىلكىپ ئويغىتىش ئىشتىياقى قەلبىم-

نى لال ئېتىدۇ!
مەن، يارىلانغان يۈرەكتىن زېمىنگە ئاققان تۇنجى تامچە قان.
مەن، قۇياش بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان زېمىن-دىكى يېگانە پەرزەنت.
مەن، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا ئېگىز بوي تارتقان تۇنجى خاسىيەتلىك جەننەت دەرىخى!
ئەنە، ھاياتلىق دەرىخىمىنىڭ شاخلىرىدا ئېچى-لىۋاتقان ئوتقاشتەك قىپقىزىل گۈل - چېچەكلەرنى كۆردۈم.
مېۋىلىرىمنىڭ شېرىنلىكىدە ھۆرلۈك ئالىمى-دىكى پىنھان بىر ساھىبجامالنىڭ مۇلايىم تەبەسسۇ-مىنى ھېس قىلدىم.
ياپراقلىرىمنىڭ ھەريان ئۇچۇشلىرىدىن قىش-لاق يايلىقىنىڭ رەڭدار مەنزىرىسى ھاسىل بولدى. مال - چارۋىلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئوتلاشلىرىدىن ھاياجانغا چۆمۈپ يېپيېڭى بىر جەزىرىگە چىقتىم.
ئېھتىمال ئۇندا تەكرارلىنىمەن، ئاخىرقى تام-چە قان زېمىنىنىڭ يۈرىكىگە تامام سىڭىپ كەتكەنگە قەدەر...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بوشلۇق ۋە ئىمكان

ئۇلۇغ ھەم سۈزۈك بىر ئىمكانسەن!
ساڭا سەن تېخى ئۆزۈڭدىن بايقىمىغان ھېكمەت-لىرىڭنى ئايان قىلسام، قەلبىڭنىڭ پىنھانە بۇلاقلى-رى ئۇنىڭ دەۋەتلىرىدە بىر - بىرلەپ ئېچىلىپ، ھايات ئېكىنزارىڭدىن ئۆزگىچە خۇش ھىدلار تاراي-دۇ.

ئەمدى ماڭا قارىغىنكى، نىگاھلىرىڭنى بىر دە-قىقىمۇ سەرسان ئەيلىمە. بىز بۇ ئارىدا ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ تىلسىز سۆھبەتنىڭ مۇقەددەس دەملىرىنى پۈتۈنلەي ئىلكىمىزگە ئالايلى. قوشۇ-لۇشنىڭ ئىپتىخارى رېئاللىقنىڭ چىركىن، غەلە - غەش تۇمانلىرىنى سۈرۈپ توقاي قىلسۇن.
ھاياتنىڭ ئەڭ يېڭى دەقىقىلىرى بىلەن ئەڭ يېڭى تۇيغۇلىرىدا ياشا!
ئىستەلمىگەن ئىستەكنىڭ قەدرى ھايات ئاللى-بۇرۇن پايخان ئېتىپ تاشلىغان چىركىن رېئاللىق-

نىڭ باياۋانىدا مەۋجۇد ئەمەس.

چەكسىز غەيۇر رومانتىكاڭ بىلەن قۇرۇپ چىققان يارقىن، سۇزۇك تۇرمۇش ئىچىدە ئۆز - ئۆزۈگىنىڭ ئەۋلىياسىغا ئايلانغىنىڭدا، ئۇندا ئېرىش- كەن ھەر بىر سەرخۇش تۇيغۇلىرىڭ بىلەن ئالەمگە مەغرۇر نەزەر سېلىش، ھايات ھەققىدە ھاياتقا سۆز- لەش شەرىپىگە ئېرىشىسەن. ھەممە نەرسىنىڭ، ھەتتاكى ئۆز - ئۆزۈگىنىڭ پاسىلى، چەك - چېگرد- سى يوقىقا چىقىپ، بىپايانلىق ئىلكىدە نۇر بولۇپ ئاققان سائادەتمەن ئەۋلىيانىڭ رېئاللىقى زاھىر بو- لىدۇ.

ئىستەكلىرىڭ ئىستەكلىرىڭنىڭ قارشى قىر- غىقىدىكى پىنھانە ئىمكاندا قاناتلىنىپ ھاياتنىڭ ئەسلى رەڭگى - رۇخسارىغا نۇر ھەم رەڭ ئاتا قىل- غان چاغلاردا، مەڭگۈلۈك قەدىر - قىممەتنىڭ سۇ- زۇك، مەنىدار رېئاللىقى تۇغۇلىدۇ.

سېنىڭ جۇلالىرىڭ ھايات لاتقىغا ئايلانغان ئاۋ- ۋالقى رېئاللىقنى نومۇستا قويىدۇ.

سېنىڭ جاكارلىرىڭ ئىستەلمىگەن ئىستەكنىڭ كېچىسىدە ئىشرەت سۇرگەن سوغۇق، سەرگەردان قەلىبلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

سىنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ دۇنياغا تەڭداش دۇنيا بولۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزىكار چەكسىزلىكىدە بارچە ئۆز - ئۆزىگە جەم - مۇجەسسەم قىلىدۇ...

سەن، سەھەردىن چىقىپ دۇنياغا كىرگەن يېپيېڭى بىر مۆجىزە.

سەن، دۇنيانىڭ ئۇلۇغ ھەم سۈزۈك بىر ئىمكانى.

سەن، رېئاللىقنىڭ چوڭقۇر لاتقىسىدا تېخىچە ئىستەلمىگەن بىر يېگانە ئىستەك.

سەن، ھاياتنىڭ جىمجىت، بىر خىل تەكرارلىقىدا ئۆز - ئۆزۈڭگە تىكىلىش بەختى - سائادىتىنى ئىدراك قىلالمىغان مەجنۇنانە ئەۋلىيا!



# تاۋاپ تۇغى

تۇيغۇ بىلەن ئەقىل ئۆز ئارا بىرىكىپ ھاسىل بولغان پارلاق نۇر چەمبىرىكى ئىچىدە دۇنيانى تەپەككۇرەن ئايلىنىپ يېڭىچە قىممەتلەرنى ئىدراك قىلاتتىم.

غايىلەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ پەردازلانغان شەكلىدە ۋە ياكى ھادىسىۋى تۈزانلىرى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ تۇغۇلغان ئىچكى خاھىشنىڭ ھەل قىلغۇچ سېھرىي كۈچىدە ئىدى. شۇڭا سىنالمايتتىم، تاسقالمايتتىم، مۇقەررەر ئۇيغۇنلۇق ئارا نۇرغا ئوخشاش تەرەپ - تەرەپكە بەھوزۇر يېيىلاتتىم.

دۇنيانىڭ سىرى ئۆزۈمدە ئايان ئىدى، ئۆزۈمدىن تاشقىرى بارلىققا ئۆزۈمدىن مەنا ھەم سىمۋول ئىزدەيتتىم...

ھەر كۈنى سەھەر، ئىشىكىم ئالدىدىكى چوڭ يولدىن بىر توپ ئادەم ئالدىراشلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قايناق توپنىڭ سەپلىرىدە

www.uyghurkitap.com

بىرەر نەرسىدىن نام ـ نىشان يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تۇغ ـ ئەلەم كۆرۈنمەيتتى، باشلىرىدا بۆركۆت پەيلىرىمۇ چېلىقمايتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا تارىخنىڭ كونىرىغان، چۇۋۇلغان تىمتاس ئۆيلىرىگە قاراپ ئىپتىخار، قورقۇنچ ھەم ئۈمىد بىلەن ئىلگى-رىلەيتتى.

سۆكۆتلۈك بۇ يۈرۈشلەرنىڭ مەنزىلىدە ئۇزاقتا قالمايلا چەكسىز كەتكەن بىر ۋەيرانە قەبرىستانلىق كۆرۈندى. ئۇ يەردە، قەبرە خادىلىرىغا چىگىلگەن رەڭگارەڭ تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەيتتى، قان قىلىنىد-غان جان ـ جانىۋارلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئاپئاق تاۋ-لىنىپ ياتاتتى، جانىنى سۆكۆت دەھشىتىگە سالغۇچى بىر مەۋھۇم سىر ـ ھەيۋە ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇلار قەبرە خادىلىرىغا، ئەتراپتا بەرق ئۇرۇپ ئېگىز بوي تارتقان توپ ـ توپ يۇلغۇن شاخلىرىغا يېگىدىن يېڭى تۇغ ـ ئەلەملەرنى قاداپ قايتىشتى. سەپ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك جىمجىت، سىرەنىسىز داۋال-غۇپ باراتتى. قېتىپ قالغان ئىپادىسىز جۇپ ـ جۇپ قارا كۆزلەرنىڭ قاراقلىرىدا سۆكرى ـ سانا، توۋا ـ ئىستىغپاردىن باشقا بىرەر روھىي ئۇلۇغۋار-لىقنىڭ چېقىن ـ ئۇچقۇنى كۆرۈنمەيتتى.

مەن، ئۇلار ئىشىكىم ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەن گۈگۈم پەيتىدە، دەرىزەمنى قىيا ئېچىپ بەئەينى تون ئوغرىسىدەك تۈيۈقسىز خىتاب قىلدىم:

— قېنى سىلەر ئۆلۈكلەر قېشىدىن ئېلىپ كەلگەن تەۋەررۈك؟

ۋۇجۇدۇم يالقۇنجاپ بىلىپ بولماس بىر پىنھانە ئوت سېھرىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانماقتا ئىدى. ئۆت-مۈش بىلەن بۈگۈن، بۈگۈن بىلەن كېلە-چەك بىر - بىرى بىلەن زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ، كۆز ئالدىمدا ھاياتنىڭ بىباھا قىممەتلىرىنى خىلمۇ خىل سىمۋوللاردا سۈرەتلىمەكتە ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى، ئۇلارنىڭ تەئەججۇپلى-رى ئەۋجىگە چىقىپ، سۈكۈت غايەت زور بىر تاغ بولۇپ يەلكىلىرىدىن باسقان شۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزى-دە، كۆپكۆك دەرىزە پەردەمنى يۇلۇپ ئالدىم - دە، ئۇنى ئۇزۇن بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلاپ سەپ ئالدىدا تېگىرقاپ تۇرغان ياش يىگىتكە تۇتقۇزدۇم، ئاندىن مېھرى ئوت چېچىپ تۇرغان ياۋايى ئاۋازىم بىلەن سۈربەتلىك سۆزلەشكە باشلىدىم:

— بۇ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بېرىڭلار! كۆككە رەڭداش بۇ سىمۋولدا كۈندۈزى سىلەرنىڭ قۇياش

يەڭلىغ يۇزىگلار ، كېچىسى كائىناتنىڭ چەكسىزلى-
كىدىكى ئاي - يۇلتۇز سىماسى نامايان بولسۇن.
سىلەر شۇ ئوتتۇرىلىقتا تۇرغۇچى گىگانت گەۋدە،
شۇ ئوتتۇرىلىقنى تۇتاشتۇرغۇچى ئۇلۇغ مۆجىزىكار
ئەۋلىيا. تاۋاپ، يۇرىكىڭلاردىن باشلىنىپ كائىنات-
نىڭ چەكسىز تىلسىملىرىغا تۇتاشسۇن!



# سەن يەنىلا ئاۋۋالقى بالا

بەختىنىڭ سىرتىدىكى چاڭقاق جەزىرىدە ھەممە بىلەن ئۇچرىشىشىم مۇمكىن ئىدى.

شېرىن، ئەمما يەنە مۇزدەك سوغۇق قاشالار ئىچىدە سىقىلغىنىمدا، بەختىمگە قاراپ شۇنچىلىك مەيۇسلەندىم، تەنھا پەرۋازنىڭ مۆجىزىلىرى قەلبىمنىڭ تېخى خىرەلەشمىگەن سۇپسۇزۇك ئەينەكلىرىدە سۇر - ھەيۋە ھەم زوقمەن شەكىللەرنى پەيدا قىلغانىدى.

تەنھالىقىمنى ئېتىراپ قىلماي ھەققىم يوق دەپ بىلگەن نەرسىلەرگە نەزەر سالمىغانلىقىم ئۈچۈنلا سېنى ئىككىنچى قېتىم يوقاتقاندەك قىلاتتىم.

ئاھ، قايسى ئۆي قەپەسدە باغرىڭ
يارا، ئەي بۇلبۇلۇم؟!

يىراقتىكى ئورمان، يىراقتىكى دەريا ساھىلى، يىراقتىكى سەبى سەھرا بۇ ۋەقەلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقىسىز ھالدا تىمتاس مۇڭلىنىپ، شاۋ-

قۇنسىراپ ياتاتتى.

ياق، بەخت تىلسىم ئەمەس، ئۇ ھاياتنىڭ بىر دەملىك ئەخمىقانە قىزىق ئويۇنى ئىدى. ئويۇن ئوينا‌پ ھارغان چاغلاردىلا ئاندىن ئەشۇ جەزىرىگە قايتىپ، بەختنى، بەخت تۇغقۇچى تىلسىم كۈيلەرنى ئەسكە ئالغىلى بولاتتى.

ھەر كۈنلۈك ئۇچرىشىشنىڭ سىرىدا مەنا يوق، ئۇندا ھاياتنىڭ سۇزۇكلۇكى ئۆچكەن لەش - كۆپۈكلەر غەمكىن ئاقىدۇ.

قەسەملىرىڭنىڭ شورى قۇرىسۇن!

قەسەملىرىڭ ئۆلۈكلەر روھىغا سەدىقە قىلىنىغان بىچارە تەسەللىغۇ ئاخىر.

يىغلىشمىسەم، سېنى بارلىقىڭنىڭ سىرتىدا ياۋايى ئەپتىم بىلەن قۇچاقلاپ سۆيۈمەن. شۇ چاغدىن ئېتىبارەن يىغىباشتىن باشلىنىشقا ئۈمىد ئاتىمايمەن، ئاللىبۇرۇن جىنىمنىڭ ھوزۇرىدا يالىڭاچلانغان ئاشىق ساھىبجامالسەن!

ئازابىنىڭ قىستاشلىرىدا تەكرار - تەكرار پاكلىنىمەن. ئازاب، ماڭا سېنىڭ يىغىدىن يىغى گۈزەل ھېكايىلىرىڭنى سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلۈمنى

ئۇۋلايدۇ. مۇھەببەتنىڭ چەكسىز پاك كەتكەن سەبى سەھراسىدا يېشىل قوناقلارنى ئارىلايمەن، دىماقلىرىمغا ئەمدىلا ئېچىلغان جىگدە چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇرۇلىدۇ. ئېھتىمال شۇ ئەتراپتا ئوت ئېلىپ، ئوسما تېرىپ، يىلىم كولاپ ئويناپ يۈرگەنسەن...

ئىسمىڭ نېمە؟

خاتىرەمدە غۇۋا ئوبرازدىن ئۆزگە ھېچنەرسە قالماپتۇ، شۇنچە ۋاخلاردىن بۇيان ساڭا ئاجايىپ گۈزەل ساھىبجاماللىق سۈپىتىنى كىملەردىن يۆكلىگىنىمنى ئېسىمدە يوق. يوقلۇق ئىلكىدىكى تاسادىپىي بىر ئۇلۇغۋار تۇيغۇسەن!

سېنى يەنىلا ئۆزۈمگە ئوخشاش بەختسىزلەردىن سورايمەن:

— قايسى ئۆي قەپەسدە باغرىڭ يارا، ئەي بۇلبۇلۇم؟!

ئۆلۈۋېلىش بەختى ساڭا ھەم ماڭا ئۇزاققىچە مەنسۇپ ئەمەس، ھاياتنىڭ ئىسسىقى قالمىغان بىھوزۇر ئېقىنلىرىدا لەش ـ كۆپۈك بولۇپ ھەريان ئاققىنىمىز ئاققان. جەزىرە يەنىلا قوپقۇرۇق، توپ

www.uyghurkitap.com

- توپ ئاقتىكەنلەرنىڭ ئىزغىرىن شاماللار بىلەن ئېيتقان تىلسىملىق ناخشىسى ھەممە يەرنى ئاغلى-نىپ تۇردۇ.

قىزىلگۈل ئىدىڭ، چىنىمنىڭ ئاداققى بوز تۇپ-راقلىرىدا.

پۇرىقىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئىچكى نەپەسلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن تۇرسا، سېنى قانداقمۇ ئەسلىمەي ئۆتەلەيمەن، ئەي قىزىلگۈل! ؟

ياتلاشقان ئادەمگە ئۆچمەنلىكىم يوق، ناۋادا ئۇ مېنىڭ يوقلۇقلىرىمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىككىنچى بارلىققا — ھەقىقىي يوقلۇققا يەتكەن بولسىمۇ.

چىدام ۋە ئويغىنىشتا قايتىش بەختىنى تونۇمى-ساڭ، سېنىمۇ مېنىڭ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى قال-مىغان ئەشۇ يات دۇنياغا سىقىپ چىقىرىمەن. بىر ئۆمۈر سەرسان - سەرگەردان يۈرۈپ پاكلىنىش قەرزىگە بوغۇلىسەن، ئاخىرقى بەخت مەنزىلىڭ ئۆ-زۈڭ كەچكەن مېنىڭدىكى چەكسىز يېشىل سەھرا بولىدۇ.

يېنىمدا بولمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قېنىمغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن سېنى سې-

غىنىمەن.

قايسى ئۆي قەپەسىدە باغرىڭ يارا، ئەي بۇلبۇلۇم؟!

سەنسىز جۇلاسى ئۆچكەن، تەم ھەم پۇرىقى قالمىغان رېئاللىقنى تاشلاپ قېچىپ كەتكۇم كېلىدۇ، ئەشۇ يالىڭاچ قوغلىشىپ ئويناپ يۈرىدىغان ئىككىمىزنىڭلا خاس يېشىل سەھراسىغا...

ئېيتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر تۇيغۇسەن!

ئارىمىزدا بوشلۇق يوق، ئەمما بۇ ئارىغا ھاياتمۇ، ئۆلۈممۇ كار قىلمايدۇ.

قىينىلىمەن، يارىلانغان قەلبىمدىن قىپقىزىل قان كۆيى بولۇپ ئاقىسەن. جىمىكى نەرسە سېنىڭ تېخى ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ بولالمىغان گۈزەل ھېكايىلىرىڭنى سۆزلەپ كۆڭلۈمنى ئالىدۇ، ياششىم، بەرداشلىقىم ھەم ئويغىنىشىم تامامەن سېنىڭ ئۇچۇن بولمىسىمۇ.

سەن، ئاداققىچە يەنىلا شۇ ئاۋۋالقى بالا — قوناقلىقلاردا ئوت ئېلىپ، جىگدىلىكلەردە يىلىم كولاپ، دەريا بويلىرىدا چاكانتاش تېرىپ ئويناپ

كۆلگەن.

سەن، ئاداقچە يەنىلا شۇ ئاۋۋالقى بالا — تۆيغۇ چەمبىرىكىمدە نۇرلىنىپ ئەقلىمدە لالەن ئىشرەت سۇرگەن.

سەن، ئاداقچە يەنىلا شۇ ئاۋۋالقى بالا — ھاياتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بەختسىز، سەرسان، سەرگەردان كېزىپ يۇرگەن...



# ئوچۇق ئىشىك

ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ، مەن تەنھا ھۇجرامدا دۇنيانى بىمالال كۈتۈۋېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر چېكىگە ئايلىنىمەن. قايتىش داۋامى-دىكى دۇنيا مېنىڭدە ئۆز سازلىرىنىڭ پەدە - ئودا-رىنى تەڭشەيدۇ.

ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كى-چىككىنە قاناتلىرى كەڭ تارتىلىپ، قىسىلغان دۇن-يا پەرۋازىغا ھۆرلۈك ئارامى ۋە سۆيگۈ ساماسى بېغىشلايدۇ. قوشۇلۇش، شۇ ئەسنالاردا ئەسلى ئىم-كاننى ئىككىنچى بىر ئىمكان كەڭلىكىگە ئۇلاپ، ئۇنىڭ مۆجىزە تاشقىنىدىن پۈتۈنلۈك ئابىدىسى تىك-لەيدۇ. مەن تاڭ شەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دۇنيا-غا دۇنيانىڭ ئىخچام ۋە مۇكەممەل سۈرىتىدە كۈلۈم-سىرەپ چىقىمەن.

ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ، مەن ئىچ-كىرىدىكى سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قەلب ئەي-

نىكىمنى قىزغىن سۆيگۈ ساماسىدىكى ھۆر دۇنيا
نۇرىغا تۇتىمەن، ئۆي ئىچىدە ئىككىنچى قۇياش پار-
لايدۇ. ئاندىن نۇتۇق شارابىمنى قەدەھلەرگە تولدۇ-
رۇپ ئالدىمدا قاتار تىزىلغان تۈن ئوغرىلىرى بىلەن
كۈندۈز قاراقچىلىرىغا سۇنىمەن. قايتىش داۋام قى-
لىدۇ، قوشۇلۇشتىن ئۇلۇغ بىر جەڭگىۋار سەپ
مۆجىزىسى يارىلىپ، رەڭ قىرغاقلىرى-
دىكى ھايات - ماماتلىق جەڭلەرگە ئاتلىنىپ يۈ-
رۈپ كېتىدۇ. مەن ئىككى قۇياش تەڭلا كۆلگەن
سەھەردە، ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئىپتىخار
بىلەن كۈتۈۋالىمەن...
ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ.
ئۆي - ئۆيلەردىن ئۆي قەپەسلىرىدە دىمى سى-
قىلغان پىنھان ئادەملەرنىڭ مۇڭلۇق ناۋالىرىنى
ئاڭلاپ تەئەججۈپلىنىمەن. دۇنيانىڭ مىڭىگىدىكى
تاشقىنىدا ئۇلارنىڭ نام - نىشانسىز جۇلالىرى ئەر-
كىلەپ رەڭدار ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىدۇ.
ئەي دۇنيادىكى دۇنيا، يۈرىكىڭگە سادالىرىم-
دىن دۇنيا ئوتلىرى تۇتاشقان دەملەردە، مەجنۇن
ئاياقلىرىڭ بىلەن ئۆيىمگە بىر رەت كىرىپ ئۆت.
مەن، ئېھتىمال قەلبىڭ سىغىنغان نۇرلۇق سەيلى-

ـگاھ ۋە ياكى ئىستەكلىرىڭدىكى ساڭا ئوخشاش ئۆ-
زۈمدە ئەرك تاپقان تەنھا سەيياھ.
ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ، ئاخىرقى ھۇجرا دۇنيانىڭ بىپايانلىقى ئىچىدە ئۇلۇغ يولغا ئايلىنىپ، بارا - بارا شەكىلسىز باتىن ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئۇ بىپايانلىق ئىچىدە، بىپايانلىق ئۇنىڭ ئىچىدە بىمالال ئېقىپ، مەڭگۈلۈك يارقىنلىقنىڭ مۇقەددەس تىلسىملىرى يېشىلىدۇ.
ئىشىكىم ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# پەرزەنت ئىشقىدىكى مونولوگلار

## 1

پەرزەنت ئىشقى — ئۆلۈملەر ئارىلىقىدا پارلىغان ئۈمىد، مەڭگۈلۈككە تېشىپ چىققان ھاياتلىق ئىشەنچىدۇر.

پەرزەنت ئىشقىدىكى مونولوگلار ئەشۇ ئۈمىد بىلەن ئەشۇ ئىشەنچنىڭ قاتقېتىدىن ئۇرغۇغان، پەرزەنت چۆللىرىنى لەرزىگە سېلىپ ئۇندا ئادىمىي ئېتىقاد بىلەن ئادىمىي بۇرچ - ئىپتىخارنىڭ مەڭگۈلۈك سۆزۈك بۇلاقلىرىنى قايناتقۇچى مۇقەددەس كۈي - مەرغۇللاردۇر.

پەرزەنت — ئاتا - ئانا ئامەتلىرىدە شېرىن مۇگدىگەن بەختىيار بالا.

پەرزەنت — ئاتا - ئانا قىسمەتلىرىدە ئاچچىق سىلكىنگەن سەرگەردان بالا.

پەرزەنت — مەۋجۇتلۇق پاسىللىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ دۇنيانىڭ رەڭدار قوينىدا ئۆزىگە تىكىلگەن

چەكسىز مۇمكىنلىكتىكى تەنها بالا.

پەرزەنت ئىشقىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان پىنھانە قەلب ئۆيلىرىدە سىنىڭ، مېنىڭ — بالىنىڭ مۇبارەك رۇخسارىنى كۆر. ئەشۇ سۆيۈملۈك جانلارنىڭ بەختى - ئىقبالى ھەلەكچىلىكىدە سەكپارە بولغان كىشلەر زادى كىم؟ سىنىڭ، مېنىڭ — بالىنىڭ ئاتا ھەم ئانىسى! ئۇلارنىڭ كىرسىز تەسەددۇق قەلبىدە تىنىمسىز مەۋج ئۇرغان پىنھانە كۈي - مەرغۇللار خېلى بورۇنلا ئاۋازغا كىردى، قەلبىڭ بىلەن قولاق سال، ئۇ ھەتتا زېمىننىڭ، پەلەكنىڭ، تەڭرىنىڭ ساداسىدۇر...

## 2

— مۇبارەك ئەي قۇياش، مۇبارەك ئەي زېمىن، مۇبارەك ئەي ئوغۇل!

سەن قۇياشتىن تامدىڭ، ۋۇجۇدۇڭ نۇر - زىيا بىلەن پۈتۈلدى، ئىمكانلاردا پارلىغۇچى قۇتلۇق يېڭى قۇياشسەن!

سەن زېمىندىن ئۈندىڭ، ۋۇجۇدۇڭ مۆجىزىلەر بىلەن تولدى، ئاسمان - زېمىن ئارىلىقىدا

يىپپىېگى بىر دۇنيا يارانقۇچى مۆجىزىكار ئەۋلىيا-
سەن!

ئەي ئوغۇل، باتىن ئالەمدىن كېلىۋاتقان زىلزىلا
ھەم مۇڭلۇق كولدۇرما ئاۋازىغا قۇلاق سال، ئۇندا
تارىخنىڭ، تارىخ داۋانلىرىدا ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن
سانسىز ئەجدادنىڭ ساداسى بار. سەن ئەسىرلەر
بويى ھاياتلىقنىڭ پىنھان قوينىدا پىنھان ئېقىپ
كەلگەن شۇ ئۇلۇغ سادانىڭ داۋامى، مېنىڭدىن ھەم
ئاناڭدىن تاشقان قىسمىدا ھۆرلۇك تاپقان ئىككىنچى
بىر چەكسىزلىك سائادىتىسەن. چەكسىزلىكىڭدە
بىر ئۆزۈك خۇددى گىگانت ئادەمدەك بارچىنى تىد-
رەپ تۇرىسەن. بارچە سېنىڭ چەكسىزلىكىڭدە سېي-
نى ئوراپ - قورشاپ تۇرىدۇ. دېمەك، سەن ھەم-
مىگە يېپىلىسەن، سىڭىپ تارايسەن. ھەممە ھەم
ساڭا يېپىلىدۇ، سىڭىدۇ ۋە تارايدۇ. بۇنىڭدىن ما-
ھىيىتىڭنىڭ رەڭدار چېچەكلىرى ئېچىلىپ بۇ دۇنيا
ھۆسنىگە ھۆسۇن قوشىدۇ.

ئىجتىھات قىل، ئىجاد - مېھنەت سېنىڭ يۇ-
رۇشلەردىكى كىر ھەم چاڭ - تۇزانلىرىڭنى يۇيۇپ
تاشلاپ قەلبىڭنى پاكىزىلايدۇ، ئەڭ سۈزۈك تۇيغۇ-
لىرىڭنى سۆيگۈ ئارا دولقۇنلىتىدۇ، ئەڭ ئۆتكۈر



www.uyghurkitap.com

پاراسەتلىرىڭنى زىددىيەت تۇمانلىرى ئارا چاقماقتەك چاقنۇزىدۇ. خىسلەتلىرىڭ ئارزۇ - ئىستەك گۈل-شەنلىرىدە شەكىلگە كىرىپ، قۇياشقا، زېمىنغا، مېنىڭ ئوغلۇمغا خاس يېگانە دۇنيايىڭ نامايان بولىدۇ. ساڭا سەن تۇتاشقان ھەم ساڭا تۇتاشقان چەك-سىزلىك خىلقەتلىرىدىن ئالقىشلار ياغىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئېسىڭدە تۇت، يوللار تۇپتۇز، خەيرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ داۋانلىرى، ئوي - چوڭ-قۇرى، تىلسىملىق دوقمۇشلىرى بار. ئاياقلىرىڭنى تۇيغۇڭ بىلەن ئەقلىڭنىڭ مەيلى - ئىختىيارىغا تاپ-شۇر. سېنى يېتەكلىگەن ماھىيەت سەن يېتەكلى-گەن مەنزىل - نىشانىڭ بىلەن بىر تۇز سىزىققا توغرا كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن روھىڭدىن ئادەم-لىك كۈيىنىڭ ئۇلۇغ يارالمىش ساداسى پارتلايدۇ. سەن يۈرگەن دۇنيا ئاڭا ئىپتىخار بىلەن زەن سې-لىپ، سېنىڭ نۇسرەت - بالاغىتىڭگە ئۆز ئىمكانلى-رىنى تاپشۇرىدۇ.

قۇياشتىن تامدىڭ، ۋۇجۇدۇڭ نۇر - زىيا بى-لەن پۈتۈلدى.

زېمىندىن ئۈندىڭ، ۋۇجۇدۇڭ مۆجىزىلەر بى-لەن تولدى.

يىراق قەدىم زاماندىن ئېقىپ كەلگەن، ئۈزجۇ-
دۇڭدا ئۇلۇغ روھىيەت دولقۇنلىرى شاۋقۇن سال-
دى.

يېقىندىن ئۇپۇق سۇزۇلدى، ئەنە سىنىڭ گۈل-
گۈن سەھىرىڭ باشلاندى...

3

ئەي ئوغۇل، ئادەم ئاتىدىن بۇيانقى ھاياتلىق
سەلتەنەتى ئەرلىك جاسارەت، پولاتتەك ئىرادىنىڭ
ھوقۇقى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئاپئاق نۇرلىرىدا
ياشناپ كەلدى. ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئادەمنىڭ
قىممىتىدە، ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىن،
ئۆزىگە دۇچ كەلگەن تۇرلۇك ـ تۇمەن خەۋپ ـ
خەتەرلەردىن، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن ھالقىپ ئۆ-
تۈپ بەخت ـ سائادەت يارىتىشىدا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى
ئىمكانىي بارلىقنى ئىجادىي يوسۇندا قېزىپ چىقىپ
شەكىل ھالىتىدە چەكسىز مەنگە ئىگە قىلىشىدا
ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈمىدۋارلىق، مانا شۇ ھاياتلىق جەريانىنىڭ
نۇر ئۇچقۇنلىرى بولۇپ، ئۇ ئىشەنچتە ئۆزئارا زىچ

ئۇيۇشۇپ ئوت ـ مەشئەل ھالىتىگە كېلىدۇ. سەن ئۇنى ياندۇرۇپ ئىگىز كۆتەرگەن چاغلاردا، بارچە قاراڭغۇ خىلۋەتلىرىنىڭ بىردىنلا يورۇپ كۆز ئالدىڭدا دۇنيانىڭ يارقىن چەكسىزلىكى ئايان بولىدۇ. ئەما-لىقتىن خالاس تاپىسەن، يۈرۈشلىرىڭ خۇددى نۇر تېزلىكىدە ئىمكاندىن ئىمكانغا تۇتۇشىدۇ، تەسەۋ-ۋۇرلىرىڭ چاققاقسىمان قاناتلار ياساپ ھادىسىلەر كەينىدىكى ماھىيەتلەرنىڭ باغرىغا قادىلىدۇ، ھاسى-لاتلىرىڭدىن مۆجىزىلەرنىڭ چىرايلىق تونىنى پە-چىسەن.

ئەي ئوغۇل، سەن ھاياتلىقنىڭ شېرىن مېۋى-سى، كائىناتنىڭ سوقۇپ تۇرغان ئوتلۇق يۈرىكى، تەڭرىنىڭ بۇ دۇنيا ئېتەكلىرىدىكى ئەركە بالىسى-سەن! ھاياتنىڭ تۇمان باسقان، غەلە ـ غەشلەر قاپلىغان زۇلمەتلىك قارا كېچىلىرىدە روھىڭنىڭ پەقەت ئۆزۈڭگىلا خاس پىنھانە شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئۇيقۇدىكى قۇياشنى ئۇيقۇسىدىن ئويغات. ئىشەنچ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ يۈرۈش-لەرنىڭ جەڭگىۋار سەپلىرىنى ھاسىل قىل. ساڭا يۈز تۇتقان جىمىكى غەلە ـ غەشلەر، ئازاب ۋە قىسمەتلەرنىڭ يوچۇن كۆلەڭگىلىرى قولۇڭدىكى

ھەم دىلىڭدىكى ئەشۇ نۇر چەمبىرىكىنىڭ باغرىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسۇن. سەھىرىڭنىڭ ئۇپۇقى ئا- قىرىشتىن ئاۋۋال ئۆز ئۇپۇقلىرىڭنى ئىشەنچ مەش- ئىلى بىلەن يورۇتۇپ ئاڭا نۇر ۋە يورۇقلۇق ئاتا قىل. ھەرىكەتتىكى دۇنيا ئۆز ۋاقتى - قەرەلىدە خۇش چىراي ئېچىپ، بۇ كۇرەشچان روھىڭغا ئال- قىشلار ياغدۇرىدۇ.

ئەي ئوغۇل، روھىڭنى تىڭشا، ئۇندىكى مۇ- قەددەس ئاۋازلاردىن ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەتلەر ئېلىپ، تۇيغۇ ۋە ئەقىل دولقۇنىڭنى شىددەت بىلەن ئۆرلەتكىن. يېگىش ۋە يارىتىش ئىشقى بۇ دۇنياغا تۆرىلىشىڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى سۈپىتىدە بارچە ئىستەكلىرىڭنى بېسىپ چۈشسۇن. ھالقىش ۋە پەر- ۋاز روھى ھەرقاچان سەھەرنىڭ يېپيېڭى مۆجىزىلى- رى بىلەن تۇتىشىپ ئىشقى سۆھبەتلەرنىڭ شاۋقۇن- لۇق ئەۋجىنى ھاسىل قىلسۇن. ئۆزۈڭنى تۇيغۇنىڭ سۇزۇك ئېقىنلىرىغا قانغىچە چۆمۈلدۈرۈپ ئۆز چې- كىدە ئەقىل بىلەن تېزگىنلە. چىركىنلىك، مەست- لىك، بىخۇتلۇق ۋە غەپلەت ئېغىشلىرى ھاياتلىق چەمبىرىكىڭنىڭ سىرتىدا بويۇن قىسىپ قالسۇن. جاسارەت سائادەتنىڭ مۇشكۈل يوللىرىدا تۇسۇن ئات-

تەك تېز چېپىۋاتقاندا، ئىرادىنىڭ شەرتسىز ھوقۇ-
قى سائادەت ئىشىكلىرىنى چېكىپ بولغان بولسۇن.
ئۇلۇغ بارلىق بول، بارلىقلار زەنجىرىدە خاس جۇلا-
يىڭ ئارىدىكى نۇر بىلەن قىزغىن قوشۇلۇپ كەت-
سۇن. ئەبەدىيەتنىڭ ئەسلىمىسىدە ئەبەدىيەت بولۇپ
قال، مەھلىيالىق كېلىچەك ھۆرلىرى سېنى ئۆز ئارا
قىزغىنىپ قىزغىن سۆيۈشسۇن!

## 4

ئوغلۇم، تاڭ ئاتماس كېچە، ئۈزۈلمەس چۈش-
خىيال، يېشىلمەس سىر - تۈگۈن بولمايدۇ. مانا،
يېڭى سەھەر يەنىلا ئاۋۋالقىدەك خۇش چىراي ئې-
چىپ، سېنى، سېنىڭ نۇرۇمغا چۆمۈلگەن، بەخت
- سائادەتكە قېنىپ تۇرغان مۇبارەك سىمايىڭنى
سوراۋاتىدۇ. يوللىرىڭمۇ يىلاندەك تولغىنىپ يىراق
- يىراقلارغا سوزۇلدى، ئۇندىكى بوشلۇق ۋە ئىم-
كان سېنىڭ قاراڭغا زارىقىپ مۇڭلارغا پاتتى. ساڭا
تۇتاش قەلبلەرنىڭ مېھرى - مۇھەببەتلىك رىشتىلى-
رى تارتىشىپ ھىجران ئازابىغا دۇچار بولدى.
سەن نەدە، سەن يامانلىق - قاباھەت دۇنيا-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئازابلىق زىندانلىرىدىمۇ ئوغلۇم؟!

قارا، دەردۇ - غېمىڭدە سەكپارە بولغان ئانىڭ-نىڭ هالىغا! يۈرىكىم چوغ ئۈستىدە كۆيىدۇ، ئاپاڭ-لىرىم نومۇس - هاقارەت تىكەنلىرى ئۈستىدە تې-شىلىدۇ. سەنسىز يېتىمسىرىغان ئۆي، شۇنىڭدەك بارچە هاياتلىق ماڭا خۇددى دەشتى - چۆل بولدى، دوزاق ئازابىنى ئېلىپ كەلدى. سەن نەدە، نېمە ئۆي، نېمە كوي - هەۋەستە ئەي ئارزۇلۇق ئوغلۇم؟!

سېغىنىش مېنى يوقلۇق تەشۋىشلىرىدە بىچارە هەم سەرسانە ئەيلەپ كۈچ - ماغدۇرۇمدىن ئايرىل-دى، ئەقىل - هۇشىمدىن جۇدا قىلدى. سېنى كۆرۈش، سېنىڭ دىدارىڭغا قېنىش ئارزۇسىدا بە-ئەينى كوچىلاردىكى تىلەمچى ئاياللاردەك خارۇ - زار بولدۇم.

كۆڭۈل بېغىمدىكى خۇش پۇراق گۈل ئىدىڭ، سېنىڭ هىد - پۇرىقىڭسىز، بەرگى - ياپراقلىرىڭ-سىز كۆڭۈل بېغىم خازان بولۇپ قاغجىرىدى.

تولپارىم ئىدىڭ، پايانسىز يايلاقلىرىمدا چې-پىپ هارمايدىغان. مانا ئەمدى قاياقلاردا، نەلەردە تىنەپ - تەمتىرەپ، بويۇن قىسىپ يۈرسەن ئەي

تۇلپار سۇپەت ئوغلانىم! سەن چېتىلغان ھاياتلىق زەنجىرىنىڭ سەن تۇپەيلى چىرىپ ئۈزۈلىشى نېمە-دىن دېرەك بېرىدۇ، بىلەمسەن؟ قىسمەت، ئاھ، قىسمەت! دەھشەت، ئاھ، دەھشەت!

ۋەھىمە، قاباھەت ھەممە يەرگە مۇدھىش سايە-لىرىنى تاشلاپ ئاسايىش ۋە سائادەتنىڭ نۇر - ئاپ-تىپىنى يۇتۇپ كەتتى. سېنى چىرماپ ئالغان سىر-لىق تۇمان زەھەرلىك تىللىرىنى ھەريان سوزماقتا. مېھرىمنى قۇياش قىلىپ تۇمانلىق زۇلمەتلىرىڭنى يورۇتسام، جېنىم ئانا دەپ باغرىمغا ئۆزۈڭنى ئې-تىپ كەلسەڭ قايتىدىن تىرىلىپ ياشنار ئىدىم. تەڭرىنىڭ رەھىم - شەپقىتىگە، سېنىڭ ئىرادە - غەيرىتىڭگە ئۈمىد باغلاپ كېچىلىرىمنى كۈندۈزلە-رىمگە كىرپىك قاقماي ئۇلايمەن. سېنى يېنىمغا قايتۇرۇپ بەرگۈچى بىر تاڭ، بىر قۇياش، بىر خىسلەت مۆجىزىسىگە تەلمۈرۈپ دەريا - دەريا ياش-لىرىمنى تۆكۈمەن. مېنى ئويلا، ئاتاڭنى ئويلا، سېنى ھەم بىزنى يۆلەپ - تىرەپ تۇرغان مۇقەددەس روھنى، ئۆزۈڭنىڭ بىزدىن كېيىن سۈرۈدىغان خاس ھايات دەۋرانىڭنى ئويلا، يۈرەك پارەم!

تاڭ ئېتىپ كەتتى، ئېھتىمال ساخاۋەتلىك قۇ-

www.uyghurkitap.com

ياشنىڭ كىرسىز نۇرى ھېلىغىچە كۆزلىرىمگە يۇم-
شاق سۆيۈۋاتقاندۇ. ئورنۇڭدىن تۇر، غەپلەتتە ئۇيقۇ-
سىدىن تامام يېشىلگىن. ئەرسەن، دۇنيانى ئىلكىگە
ئېلىپ ھايات چىمەنلىرىدە گۈلى - رەيھانلارنى ئې-
چىلدۇرىدىغان. ئەرسەن، ئالەم ئارا ئۇلۇغ خىتاب-
لارنى جاكارلايدىغان. سۆيگۈ، تەقدىر ۋە ئىجاد باغ-
لىرىدا شېرىن مېۋىلەرنى ئاينىتىدىغان. ئەرسەن،
ئەلگە ئېپتىخار بېرىپ ئىز ۋە نەمۇنە قال-
دۇرىدىغان...

## 5

كىرىچىمدىن ئۈزۈلگەن ئوقسەن، تەسەۋۋۇ-
رۇمدىن ھالقىپ كەتكەن ئۆزۈڭنىڭ خاس دۇنياسىدا
ئۇچىسەن. ئەجىر - مېھنەتلىرىمگە، ئارزۇ ۋە ئىس-
تەكلىرىمگە ۋىژىلداپ ئۇچقان ئاۋازىڭ ھەم يېتىپ
بارغان قۇياشلىق مەنزىلىڭدىن تەسكىن - تەسەللى
تاپىمەن. ھاياتىنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلىرى، تۇمان
ۋە مانانلىرى سۇرئىتىڭنى ئاستىلىتىپ نىشانىڭنى
بۇرىۋەتمىسۇن. ئاگاھ بول، جىسمىڭدىكى كۈچ -
قۇۋۋەت، ئەقىل - روھىڭدىكى بۈيۈك ئېتىقاد بىلەن

شىددەت سىلىپ ئىلگىرىلە. سۇر - ھەيۋەتلىدىن
بارچە توسقۇنلارنىڭ يۈرەك - باغرى يېرىلىپ كۆلى
كۆككە سورۇلسۇن. ئاداشقان ئوق قورام تاشلارغا
ئۇسسۇپ پاچاقلىنىدۇ، سۇنۇپ پارە - پارە بولىدۇ.
ئىگىلگەن ئوق ھاياتنىڭ چوڭقۇر ياردىڭ - ھاڭلى-
رىغا چۈشۈپ چىرىپ كېتىدۇ. ئاگاھ بول، مېنىڭ
ئوقىمسەن، مەندىن ئاۋۋالقى نەچچە ئەۋلادنىڭ قې-
نى، جېنى ھەم روھىدا سۇغۇرۇلغان. خاسىيەت-
سىز، بىپەرۋا ئۇچۇش - يۈرۈشلەر ئۇ جان، ئۇ
قان، ئۇ روھ ۋە ئۇ سىماھلارنىڭ ئەبەدىيەت -
ئەزەلىيىتىگە نومۇس ھەم ھاقارەت ئېلىپ كېلىدۇ.
يېڭى تاڭ، يېڭى باھارنىڭ چەكسىز ئىللىق قوينىدا
تەبىئەتنىڭدىكى مۆجىزىلىرىڭدىن گۈزەل بىر يېگانە
دۇنيا بەرپا قىل. گۈللىرىڭ ئاينىپ ئېچىلىپ،
قۇش - جانىۋارلىرىڭ خۇشال يايراپ سايرىسۇن.
مېۋىلىرىڭ شېرىن تەم بېرىپ ئۆتكۈنچى يولۇچىلار-
نى ھەيرەتتە قالدۇرسۇن. نۇر - ئاپتاپلىرىڭ ۋىلىق-
لاپ كۆلۈپ مۇزلىغان قەلبلەرنى ئېرىتسۇن. يۈرد-
كىڭنىڭ جەزبىدار سۆزۈك خىتابلىرى تاغ قاپتاللى-
رىدىكى ئەكس سادادەك جاراڭلاپ بۇ ھايات رىسقىغا
تەنۇر باققان ئىمجانلار روھىنى سىلكىپ تاشلى-

سۇن!

ھايات بىر ئەزىم دەريا مىسالى دولقۇنلاپ ئاقى- دۇ. ئۇنىڭ ئېقىنلىرىدا ئۈزۈپ بارغان بىر ئال تىنىمسىز بېلىقسەن. ئۆزۈڭنى ھايات ئېقىنىغا ئەر- كىن قويۇپ بەر، ئۈزۈشلىرىڭ دولقۇنلار سۈرئىتى- دىن ئالغا كەتسۇن. بىلگىنىكى، ئۇنىڭ چوڭقۇر قايناملىرىدا ئايلىنىپ تۇنجۇقۇپ قالما، ئېقىنغا قارشى يۆنىلىشتىن يىراق تۇر. مەنزىلىڭ چاڭقاق زېمىن، ئېقىن تارامىلىرىدىن قېنىپ ياشنايدىغان. مەنزىلىڭ بىپايان دېڭىز، ھايات ئېقىنىنى ھۆرلۈك- سائادەتكە، ئەركىن چايقىلىشقا، مەڭگۈلۈك ناۋا- خەندانغا ئېلىپ بارىدىغان...

قىسمەت بىلەن ئامەتلەرنىڭ سىرلىق تەڭشىكى ۋە ئاجايىپ قابىل سەۋەبكارىسەن. ئۆز ماھىيىتىڭ- نىڭ چىنلىقىغا يارىشا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭ ۋە ئاققۇزغان قان - تەرىڭ بىلەن قىسمەت ھەم ئامەتلىرىڭنى بەلگىلەيسەن. قاچانكى مېھنەتتىن قاچتىڭ، شۇ زامان غەپلەتكە پاتتىڭ، قىسمەت خۇددى ئىبلىس - شەيتاندەك سېنى ماراپ ئىزىڭغا چۈشىدۇ، ساڭا كانىدەك چاپلىشىدۇ. ھاياتىڭ نىم- جانلىق، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالىدۇ. قاچانكى

قىممەت ۋە سائادەت ئىزدەپ ئەمگەك - مېھنەتكە كىرىشتىڭ، شۇ زامان دىلىڭ يورۇپ روھىڭدا تە-پەككۇر ئېقىنى شاۋقۇن سالىدۇ. ئامەت دىلبىرى نازلىنىپ بويىنىڭغا گىرە سالىدۇ، سائادەت تاڭلىرى مىسلى ئۇز رۇخسارىنى ئېچىپ نۇرجامىنى قولۇڭغا تۇتىدۇ. ھاياتىڭ مۇقەددەس قۇياشىنىڭ مەڭگۇلۇك نۇر - يورۇقلۇقىدا مەنا ھەم شان - شەرەپلەرگە نائىل بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، بۇ ئېچىلمىغان دۇنياغا قارا، ئۇندا ئەڭ مۇكەممەل يارىتىلغان گۈزەل ۋۇجۇد قۇ-رۇلماڭنىڭ جۇلاسى، سىمۋولى ۋە مەنائىي چەك-سىزلىكى ئاياندۇر. ھاياتقا ئەقلىڭ ۋە ئېتىقادىڭ بىلەن ھالقىپ تۇرۇپ تىكىل، ئۇ ھېلىغىچە سېنىڭ ھەققىڭدە سېنى چىللاپ چوقان سېلىۋاتىدۇ. روھى-يەت شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سال، روھىيەت مۆجىزى-لەر كانى، سېنىڭ تۇنجى ھەم ئاخىرقى بېكىتىڭ-دۇر!



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئاخىرقى كەلىمە

## 1

بىز ئەمدى ۋاقتىنچە خوشلىشىپ، نېسىپ بولسا يەنە بىر نامەلۇم مەنۋىي پەللىنىڭ بېشارەتچان شوللىرى ئىچىدە ئۇچرىشايلى. ئۆزىمىزگە قايتىشىمىزدا بىزنى كۈتۈدىغىنى، ئېھتىمال تاسادىبىي بەدىئىي زوقتىن قوزغالغان يېڭىچە روھىيەت تاشقىنى ۋە پاكى چەكسىز كونىراپ تىتىلغان ئۇيقۇ - ئارام تۆشەكلىرى بولۇشى مۇمكىن.

## 2

سەھەر، مەڭگۈ بىزگە يۈزلەنگەن رەۋىشتە ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ، بىر يېپيېڭى ئىمكانىي بوشلۇقنىڭ چەكسىزلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئۆيىمىزدىن ھەم ئۆزىمىزدىن تېشىپ چىقىپ، كۆنۈكىشلىرىمىزنىڭ سىرتىدا غەيۇر تۇرۇپ ئاڭا چەك-

سىزلىنىپ تىكىلگىنىمىزدە، تەكرارلىق ئىچىدىكى ئوخشاشلىق، ئوخشاشلىق ئىچىدىكى غايەت زور پەرقلەرنى ھىس قىلىپ يېتىمىز. ئەشۇ ھىس قىلىش، ماھىيەت چوڭقۇرلۇقىغا تۇتاش كەتكەن ئەشۇ ھىس قىلىشلا بىزنىڭ بۇگۇنگە كىرگەنلىكىمىزنىڭ شەرىپى، بۇگۇنكى ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مەنىسى ھەم قىممىتى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭىمۇ بىزنىڭ قەلبىمىز ھەمىشە تاللاشلار دوقمۇشىدا تەمتىرەيدۇ، ھاياجان شاماللىرىنىڭ شىددەتلىك سوقۇشلىرى ئىچىدە ياپ-راقتەك تىترەيدۇ، جەلىبكار ناز ئۇنلەرنىڭ چىللاشلىرى ئارا تەڭقىسلىق ئىزتىراپلىرىغا پاتىدۇ.

قەلبىنىڭ ئۆز ھەم ئۇز گۈل - چېچەكلىرى تېخى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلمىغان شارائىتتا كىشىلەر ئاللىبۇرۇن پۇراپ تاشلىنىۋەتكەن، توزۇپ خازان بولغان رېئاللىقتىكى گۈل - چېچەكلەرنى تېرىۋې-لىشقا كىمنىڭ رايى بارسۇن!

ئېھتىياج بىلەن تەبىئىي ئىچكى مايىللىق قات-لىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان خاس ئىستەكلەرنىڭ ئارى-سىدا بوشلۇق ساقلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىگە يۇزلى-نىشى قانچىكى چوڭقۇر بولغانسېرى ئۇنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەم بۇ جەرياندا ھادىسىدىن ھالقىپ ئۇنىڭ ئىككى

تەرىپىدىكى ماھىيەتكە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يەنى ئادەم دۇنيانى ئىچكى قەلبىدە تەبىئىي رەۋىشتە قىياسلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ماھىيەتلىرىنى ئاجرىتىپ ئىدراك قىلىپ بارغانلىقتىن، ئادەمنىڭ دۇنياغا بولغان پوزۇتسىيىسىدە تولىراق ھاسىلاتلار بىلەن پىشىپ يېتىلگەن تەبىئىي ئىچكى خاھىش نامايان بولۇپ، ئىجتىمائىي مەنىگە ئىگە ئېھتىياج قاتلاملىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تالالاش، رېئاللىق ئۇقۇمىغىلا مەنسۇپ ئەمەس. ئۇ، باتىن ھەم زاھىر ئالەم ئۇچۇرلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ مۇئەييەن سالماقتا ئېغىش ھاسىل قىلىشىدىن مايدانغا كېلىپ، خېلى بىر چاغلارغىچە روھىيەت شاۋقۇنلىرىدىن خالاس تېپىپ كېتەلمەيدىغان پارتلاش ھالىتىدىكى ئادەمنى يېڭىچە بىر ئىمكانىي يۆنىلىشكە بۇرايدۇ. ئۇندا ئادەم كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەس، بەلكى تۇيغۇسى بىلەن تۇيغان، شۇ تۇيغۇ ئۆزىدە ئاللىبۇرۇن رېئاللىقا ئايلاندۇرۇپ بولغان ماھىيەت خاسلىقىغا ماس ھالدىكى مۇھىت ـ كېلىمات بار. شۇڭا، ئادەم، ئۇ يەرلەردە ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق كۆكلەيدۇ، ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق ئاينىيدۇ، ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق ھوسۇل بېرىپ مەۋجۇدلۇق شەكىللىرىگە

ھوقۇق، ئىرادە ۋە غورۇر ئاتا قىلىدۇ. دەريالارنىڭ تاشقىنلاشلىرى، قۇشلارنىڭ تىن تارتماي چاڭىلداپ سايراشلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋەھىمىلىك ھۆركىرەشلىرى ۋە ھۇۋلاشلىرى ئاشۇ خىل بۇرۇ-لۇش ئالدىدىكى چىڭقالغان روھى ھالەتكە تەبىئەتتىن مىسال ھەم سىمۋولدۇر.

سۈكۈت — پارتلاش مەنىسىدىكى ئەسەبىيلىك-نىڭ دەسلەپكى باسقۇچى. ئۇنىڭدا تاللاش ياكى پارتلاش ئالدىدىكى تەڭقىس روھىيەتنىڭ شەكىلگە كىرمىگەن ئاۋازسىز ئازابى بار. سۈكۈت چۆلىدىكى ئادەم شۇ يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن تېشىپ، ھال-قىپ بېرىۋاتقان قىسمىغا يېڭى مۇھىت - كېلىماتقا ماس شەكىل ۋە ئەسلى ماھىيەتكە خاس ئاۋاز تاللاي-دۇ. چۈشلەر ھەر كېچە سىرلىق، سىمۋوللۇق ۋە-ھىي قالدۇرۇپ كەتكىنىدەك، سۈكۈت ئۈستىدە شاۋقۇن سېلىۋاتقان قىيانلىق رېئاللىق ئېقىنىمۇ ئادەمنىڭ تەڭقىس بىر ھالدا يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىچكى ھاياتلىق رىتىملىرىغا تۇرلۇك - تۈمەن يا-شاش مۇمكىنلىكىنىڭ ئەقلىي، تەجرىبىي فورمىلى-رىنى سىغداپ ئۆتىدۇ.

سۈكۈت، سۈكۈت ئىچىدە چىڭقىلىش، كۈچ-لەرنىڭ ئۆز ئارا زىچ ئۇيۇشۇپ غايەت زور بىر

www.uyghurkitap.com

قۇدرەت بولۇپ تەشكىللىنىشى ئۇزاقىچە جىمجىتلا داۋام قىلىدۇ.

پارتلاش — چاقماقنىڭ كۇتۇلمىگەن بىر چاغدا چېقىلىشىغا، تاللاش چېقىلغان چاقماقتىن ئۇزۇن-ئۇزۇن، تارام - تارام نۇر - ئېلېكتىر ئېقىنى ھاسىل بولغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ چاغدا يامغۇرنىڭ يېغىشى تەبىئىي ھادىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

چاقىلغان يەرنىڭ سۇغا قېنىشى يېشىللىقتىن دېرەك بېرىدۇ. يېشىللىق — ھاياتلىقنىڭ ئەسلى ھەم ئەزەلىيلىك بۆشۈكىدۇر.

3

مەن ئالەمنى ئۆزۈمگە، ساڭا ۋە سېنىڭ سىر-تىڭدىكى يەنە بىر ئادەمگە باغلاپ قىياسلىدىم. كۆز ئالدىمدا خىلىلا بىپايان بىر بوشلۇق پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ باغرىدىن ئۆزۈمنىڭ ھەممىگە تو-نۇش، ھەممىنىڭ ئۆزۈمگە تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇ بوشلۇققا قاراپ ئىپتىخار بىلەن ئىنتىلدىم. قەدەملىرىم يېتىپ بارالمايتتى، ئەمما شەكىلگە كىرگەن ئىما - بېشارەتلىرىم ئەشۇ بوشلۇق بىلەن ئاللىبۇرۇن تىنىمسىز، بىمالال سۆھبەتكە ئۆتكەن-

دى...

## 4

قەلبىمدە ئېچىلمىغان پىنھانە چېچەكلەرنىڭ
قەلبىڭدە ئېچىلىشىنى ئۈمىد قىلالمايمەن.
يامغۇرلۇق پەسلىمدە چۆللىرىڭگە يېتىپ بارا-
لىسام، قىيانلار ئىچىدىن مېنى تونۇپ تاتلىققىنە
كۈلۈپ بېرەلەرسەنمۇ! ؟
بىخلىرىڭدا تومۇردىكى قاندەك ئېقىپ ساڭا تا-
مام قوشۇلۇپ كەتسەم ياكى پورەكلىرىڭنىڭ لەۋلى-
رىدە قىپقىزىل قان نۇرى بولۇپ ئويۇپ قالسام،
بەختىڭدە زاھىرلىقىمنى تۇيالارسەنمۇ! ؟
قەلبىڭنىڭ گۈللىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاۋ-
ۋال قەلبىمنىڭ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشۇم كې-
رەك. بەلكى گۈل چاغلىرىم قەلبىڭنىڭ كىچىككى-
نە كۆزنەكلىرىدىن ئۇچۇپ كىرىپ بەرگلىرىڭگە
قونسا ئەجەپ ئەمەس.

## 5

كەچۈر، ئەي ئادەم! خوشلىشىش پەيتىدە ساڭا

www.uyghurkitap.com

ئاددىيلا باش چايقىغۇم ۋە ياكى ئىككى ئىلىك قىلىپ
«خەير - خوش» دەپلا سۆكۈتىمگە قايتقۇم كەلـ-
دى. نەسرلەرگە سىغمىدىم، نەسرلەردىن تېشىپ
چىقتىم. مانا، تونۇش هەم ناتونۇش يوللاردا تونۇش
هەم ناتونۇش ناخشىلارنى بىرگە توۋلاپ هارغىن
چايقىلىپ كېتىۋاتىمىز.

يول تۇرغۇن، مەنزىل مۇئەمما، ئەتراپ گىـ-
رىمسەن، ئادەم ساياق. سۆكۈتلىرىمگە قايتىۋېتىپ
بۇ مەنزىرىلەر هەققىدە تۇيۇقسىز ئوي سوروپ قالـ-
دىم. ئېيتقىنە، مۇقەددەس ئىستەكلەردە ئۇچرىـ-
شىش مۇشكۈل بولىدىغان دەملەرنىڭ ئازابىغا چىدىـ-
غىلى بولارمۇ؟

كۆڭۈلگە زوق بەرگۈدەك بىرەر چىمەنزار ئۇچـ-
رىسا، تازا قىزىتىپ مەشرەپ تۈزگۈم بار. ئۇسـ-
سۇل، ناخشا ۋە مەي كەيپىدە پەلەككە يەتكەن جېـ-
نىڭنىڭ راهەت بەخش شاۋقۇنلىرىغا قېتىلىپ تازا
بىر كۆچىنىپ ۋارقىرىسام دەيمەن، ئاۋازىم ئاڭلىـ-
نارمۇ؟!...

1999 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

[General Information]
书名=别问我是谁　维吾尔文
SS号=40300686